ئىككىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال
تۆتىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

# تەرملەر

گەپدان چېرچىل

30 سانتىمېتىرلىق ھۆرمەت

تىلەمچى بىلەن پوپ



ISSN 1671-1327

12>

9 771671 132017

读者

2015 · 12

www.uyghurkitap.com











# ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مەخپىيىتى

تاۋ جۈەن
مېھراي مۆمىن تەرجىمىسى

جونسون قولۇم - قوشنىلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر، ھەممەيلەننىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان مۆتىۋەر ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئىش بېجىرگىلى كېتىۋېتىپ، بودەك بىر بالىنىڭ كەمپۈت دۇكىنى ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ، ھە دەپ بىرنەرسە يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەم سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ قوشنىسى ماكنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ.

ماك ئوغلىنىڭ تېخىمۇ سەمرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا تاتلىق - تۇرۇملارنى كۆپ يېگىلى قويمايتتى. بۇنى بىلىدىغان جونسون بۇ بالىنىڭ شۇ تاپتا ئوغرىلىقچە تاتلىق نەرسىلەرنى يەۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ — دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— قانداق ئەھۋالىڭ، قوزام؟ نېمە ئۇ قولۇڭدىكى؟ ھىم، كەمپۈت، شاكىلات، پىرەنىك ... ۋاي خۇدايىم، نېمانچە جىق تاتلىق - تۇرۇملەر بۇ؟! بىلەمسەن، تاتلىق نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش بەدەنگە زىيانلىق، — دەپتۇ.

لېكىن، بالا جونسوننىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، قولىدىكى شاكىلات ۋە پىرەنىكلەرنى يەۋېرىپتۇ.

جونسوننىڭ بالىنىڭ بۇ قەدەر «بىغەرەز»لىكىگە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا سەۋرچانلىق بىلەن:

— قارا بالام، تاتلىق نەرسىلەرنى بىراقلا بۇنچە كۆپ يەۋەتسەڭ چىشىڭغا زىيانلىق. يەنە كېلىپ بۇنداق قىلساڭ تېخىمۇ سەمرىپ كېتىسەن. قارىغىنا، ھېلىمۇ خېلى ئوبدانلا سەمرىپ قالدىڭ، — دەپتۇ.

بالا ئۈندىمەي، تاتلىق - تۇرۇم «جېڭگى»نى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

بۇ نۆۋەت جونسوننىڭ راستلا ئاچچىقى كەپتۇ — دە، سالاپەت دېگەنلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ھەي بالا، ئەمدى يېيىشنى توختاتمىساڭ، بۇ ئىشنى ئاتا - ئاناڭغا دەپ قويىمەن، — دەپتۇ.

دەرۋەقە، بۇ «تەھدىت» دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپتۇ. بالا يېيىشنى توختىتىپتۇ ھەم جونسونغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— جونسون تاغا، بوۋام 101 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مەخپىيىتىنى بىلەمسىز؟ - دەپتۇ.

بۇ گەپتىن گاڭگىراپ قالغان جونسون:

— ئەجەبا، تاتلىق تۇرۇملارنى كۆپ يېسە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىلى بولامدىكەن؟ ئىلگىرى ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمىنا؟ — دەپ سوراپتىكەن، بالا بېشىنى چايقاپ:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. بوۋامنىڭ مەخپىيىتى — ئۇ ئەزەلدىن ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

سىرلىق كادىلاك ..................[ئامېرىكا] ئا نىكبام 3

**شەخسلەر**

گەپدان چېرچىل............................ نيۇ يۆ 8

**مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش**

30 سانتىمېتىرلىق ھۆرمەت.............. خۇەن چېن 12

**ئېپىزوت**

تىلەمچى بىلەن پوپ ................... شيا يىنزۇڭ 13

**پىسخىك ھايات**

سىز ئىچ مىجەزمۇ...........[گېرمانىيە] سىلۋىيە لۇكان 17

**ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن**

ئەندىنىڭ داچىسى نەگە كەتتى .................. چېن يىچۇەن 21

**جەمئىيەت كۆزنىكى**

نېمىشقا گاڭگىرايدىغىنىڭىزنى بىلەمسىز..........گۇڭ فېيگۇڭ 26

چوقۇم يۇكسەك غايىلىرىڭىز بولۇشى كېرەكمۇ.............. ليۇ شا 28

**تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت**

سەھەر تۇرۇشنىڭ ئون تۈرلۈك پايدىسى.... نىڭ لياڭلىڭ 33

**ئۆزگىچە تەپەككۇر**

ئەگەر دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئوخشاش باي بولسا .......... بېي موخەن 35

**ساۋاتلار**

گۆشسىز غىزالىنىش راستلا پايدىلىقمۇ ......... فاڭ فاڭ 36

**تامچە**

ئويۇن ئاخىرلاشسۇن ........................ جۇ جۇن 47

(ئايلىق ژۇرنال)

2015 - يىلى 12 - سان

ئومۇمىي 270 - سان

باش مۇھەررىر
مۇھەممەتجان مەخمۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
مۇختار مامۇت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مەسئۇل مۇھەررىر
مۇختار مامۇت

ياردەمچى مۇھەررىر
ئېرشات دىلشات

مەسئۇل كوررېكتور
سەنەۋەر ئىبراھىم

ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

ژۇرنالدا سۇپەت مەسلىسى
كۆرۈلسە ژۇرنىلىمىز تارقىتىش
بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىڭ
(0991-2827472)

# سىرلىق كادىلاك



[ئامېرىكا] ئا نىكبام

رىسالەت مەردان تەرجىمىسى

پېتېر راف ئامېرىكا ـ مېكسىكا چېگراسىدىكى كۈنىدە مىڭلاپ ماشىنا ئۆتۈپ تۇرىدىغان بىر تاموژنىدا ئىشلەيدۇ. پېتېرنىڭ تەجرىبىسى مول بولغاچقا، كۆپىنچە شوپۇرلارنىڭ پىراۋىسىنى مۇنداقلا كۆرۈپ قويۇپ، گۇمانلىق ماشىنىلارنىلا نۇقتىلىق تەكشۈرىدۇ. تەجرىبە ۋە تۇيغۇغا ئاساسەن چىقىرىلغان بۇنداق ھۆكۈملەر گاھىدا خاتامۇ چىقىپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە.

پېتېر جوننى تۇنجى كۆرگەندىلا گۇمانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كادىلاك ماركىلىق يېپيېڭى قارا پىكاپنى ھەيدەپ، مېكسىكا تەرەپكە ماڭغانىدى. ماشىنىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك روك مۇزىكىسى ياڭراپ تۇراتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ مۇزىكا پېتېرغا سېھىرگەرلەر تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئەسلەتتى.

پېتېر ماشىنا نومۇرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، جوننى مېكسىكىدىن قايتقاندا ئوبدانراق تەكشۈرمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ ئىشتىن چۈشكۈچە جون قايتىپ كەلمىگەچكە، بۇ ئىشنى خىزمەتداشلىرىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كەتتى. كېيىنچە، ئۇ ھېلىقى كادىلاك ماركىلىق قارا پىكاپنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتى. لېكىن، كېيىنكى شەنبە كۈنى بۇ پىكاپ يەنە مېكسىكىغا كىرىش ئېغىزىدا پەيدا بولدى.

ماشىنىدا ئاۋۋالقىدەكلا قۇلاقنى يارغۇدەك مۇزىكا ياڭراپ تۇراتتى. پېتېر ئۆزى ماشىنىنى بىر قۇر تەكشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، مېكسىكا تاموژنىسىدىكىلەرگە تېلېفون ئۇرۇپ، بۇ «گۇمانلىق» ماشىنىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئېيتتى. ماشىنا مېكسىكا دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، يول ياقىسىدا توختىدى. مېكسىكا تاموژنا ساقچىلىرى ماشىنىنى تەپسىلىي تەكشۈردى. جون بىر ياندا بەخۇدۇك تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ئۇ ئېگىز، ئورۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۈچىسىدىكى كىيىملىرى يىراقتىن قارىغان ئادەمگە قاتناش چىراغلىرىدەك رەڭدار كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، مېكسىكا تاموژنىسىدىكىلەر ماشىنىدىن ھېچقانداق گۇمانلىق نەرسە تاپالمىغاچقا، جون ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. لېكىن، پېتېرنىڭ گۇمانى پەسىيىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ جوننى ئامېرىكىغا قايتقاندا ئەتكەس مال ئېلىپ ماڭىدۇ، دەپ ئويلاپ، كەچ كىرگۈچە ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ساقلىدى. لېكىن، جون ۋە ئۇنىڭ سىرلىق پىكاپى ئىزسىز غايىب بولۇپ، نەچچە كۈنگىچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى.

يەنە بىر شەنبە كۈنى كەچتە جوننىڭ يەنە شۇ پىكاپتا مېكسىكىغا ماڭغانلىقىنى كۆرگەن پېتېر: «بۇ كاززاپ چوقۇم بۇ ئېغىزدىن مېكسىكىغا ئۆتۈپ، يەنە بىر ئېغىزدىن قايتىپ كىرىدىكەن» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ گۇمانىنى تاموژنا باشلىقىغا دوكلات قىلدى. تاموژنا باشلىقى بارلىق تاموژنا ئېغىزلىرىغا بۇ پىكاپ ئامېرىكىغا قايتقاندا ئىنچىكە تەكشۈرۈشنى جېكىلىدى. لېكىن، ھېچقايسى تاموژنا ئېغىزىدىن بۇ پىكاپنىڭ ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا ئۇچۇر كەلمىدى.

كېيىنكى شەنبە كۈنى قارا كادىلاك يەنە مېكسىكىغا ماڭدى. پېتېر بۇ قېتىم: «بۇ ئەبلەخ چوقۇم مېكسىكىغا قانۇنلۇق يول بىلەن كىرىپ، ماشىنىسىغا ئەتكەس ماللارنى باسقاندىن كېيىن، ئامېرىكىغا يوشۇرۇن يوللار ئارقىلىق ئوغرىلىقچە قايتىپ كىرىدىكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ زور بىر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىنىڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلدى ھەم بۇ «دېلو»نى ئېنىقلاپ، تۆھپە كۆرسىتىشكە بەل باغلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جوننىڭ سانتىياگودىكى ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى تېپىپ، كېچە - كۈندۈز نازارەت قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ قايتىپ كەلگەن جون ماشىنىنى ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ قويۇپ، بىرنەچچە كۈنگىچە شەپە چىقارماي يۈردى. شەنبە كۈنى كەچتە يەنە ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئامېرىكا - مېكسىكا چېگراسىدىكى بىر شەھەرنىڭ يول ئېغىزىدا ساقچىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ غايىب بولدى. كۆز ئالدىدىلا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن بىر ئەتكەسچىگە تەڭ كېلەلمىگەن ساقچىلار ئاچچىقىدا ھۆكۈمەتتىن بۇ پىكاپنى تەكشۈرۈشكە ئىجازەت سورىدى. «دېلو»غا باشتىن - ئاخىر ئىشتىراك قىلىپ كەلگەن پېتېرمۇ ساقچىلار بىلەن بىللە باردى، ئەلۋەتتە.

جون چارشەنبە كۈنى ئۆيىگە قايتىپ، ساقچىلارنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. لېكىن ماشىنىسىدا گۇمانلىق نەرسە بولمىغاچقا قورقۇپمۇ كەتمىدى. ساقچىلار ماشىنىنى ئۇڭتەي - توڭتەي قىلىپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچ نەرسە تاپالمىدى. يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولغان ساقچىلار ئۇنىڭ بەخىرامان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئەبلەخنىڭ چوقۇم تەييارلىقى باركەن، دەپ ئويلىدى. جونمۇ ئۆزىنىڭ ساقچىلارنىڭ نازارىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

شەنبە كۈنى بۇ پىكاپ يەنە مېكسىكىغا ماڭدى. ئۇ مېكسىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، چېگرا پونكىتىدىكى ئامېرىكا ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ بىناسىغا كىردى. كېيىن، ئامېرىكا ئاخبارات خادىملىرى جوننىڭ ئالاقىدار ئورۇنلاردىن مېكسىكىدا ئولتۇراقلىشىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى ئۇقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ قارا پىكاپ بۇ يەردە قايتا كۆرۈنمىدى.

يېرىم يىلدىن كېيىن، پېتېر مېكسىكىغا

كاتىر مۇسابىقىسى كۆرگىلى بېرىپ، جوننى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ يەنىلا ئېگىز، ئورۇق بولۇپ، ئىلگىرىكىدەكلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار كىيىملەرنى كىيىۋالغانىدى. پېتىر قىزنىڭ تۆرتكىسىدە ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز بۇرادەر؟ مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

جون دەسلەپتە ھەيران بولۇپ كۆلۈمسىرىدى ـ يۇ، ئارقىدىنلا پېتىرنى تونۇپ سەل خاتىرجەمسىزلەندى.

— ئەنسىرىمەڭ، مەن بۇ يەرگە پەقەت كاتىر مۇسابىقىسى كۆرگىلى كەلدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، جوننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئىككىيلەن بىللە مۇسابىقە كۆرۈپ، ئاندىن بىر قەھۋەخانىدا غىزالىنىشتى. جوننىڭ ھازىر شۇ ئەتراپتىكى بىر شەھەردە رېستوران ۋە كۇلۇبى بار بولۇپ، بۇ يەرگە ئىككى دانە كاتىر سېتىۋالغىلى كەلگەنىدى. ئۇ پېتىرنى ئۆزىنىڭ كۇلۇبىغا بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

— رېستوران، كۇلۇب، كاتىر دېگەنلەرنىڭ ھەممىسنى ئەتكەسچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلغا ئالدىڭىز ھەرقاچان؟ — دېدى پېتىر ئۇدۇللا.

- شۇنداق، - دېدى جونمۇ سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— ھازىرمۇ ئەتكەسچىلىك قىلىۋاتامسىز؟

— ياق، ھازىر قول ئۈزدۈم.

— نېمە دەپ ئەمدى؟ ئادەتتە پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەر بولمىسا، سىلەر ئەتكەسچىلەر ھەسسىلەپ پايدا ئالىدىغان بۇ ئىشتىن ئاسانلىقچە قول ئۈزمەيتتىڭلارغۇ؟

— باشقا سەۋەبمۇ يوق، سىلەر كەينىمگە كىرىۋالغاچقا، قول ئۈزمەي بولمىدى.

— ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ھازىرغىچە كاللامدىن ئۆتمەيدىغىنى، ئەينى چاغدا بىز بارلىق چېگرا ئېغىزلىرىغا ماشىنىڭىزنىڭ نومۇرىنى ئۇقتۇرۇۋەتكەن تۇرساق، سىز قانداقلارچە ھېچ يەردە تۇسۇلۇپ قالماي كالفورنىيەگە قايتالىدىڭىز؟

— ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ ماشىنىسىمۇ بولمىسا، مال ئەتكەس قىلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ ۋاقىتتا مەن گاھى پىيادە، گاھى ئاپتوبۇستا ياكى باشقىلارنىڭ ماشىنىسىدا ئامېرىكىغا قايتىپ كېلەتتىم. ئامېرىكىغا باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ماشىنىنىڭ نومۇر تاختىسىنىلا ئەكىرەتتىم. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئەينى چاغدا مەن ئالاھىدە بىر خىل ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتىم. سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئەينى ۋاقىتتا ھەيدىۋالىدىغان كادىلاك ماركىلىق پىكاپ ئامېرىكىدا پەۋقۇلئاددە كۆپ. شۇڭا مەن ھەر ھەپتىدە ئامېرىكىنىڭ ئوخشىمىغان شەھەرلىرىدىن ئاشۇ تىپتىكى كادىلاك ماركىلىق قارا رەڭلىك پىكاپنى ئوغرىلايتتىم - دە، ئۇنىڭغا نومۇر تاختىسى بېكىتىپ، چېگرادىن ئۆتۈپ مېكسىكىغا ئاپىرىپ ساتاتتىم. نەتىجىدە، سىلەر ئۇ ماشىنىنى مېنىڭ دەپ قالاتتىڭلار...

---

زېمىندا سان ـ ساناقسىز نېمەت ۋە خۇشاللىق بار. ھالبۇكى، بۇ نېمەتلەر پەقەت كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئادەملەرگىلا خاس بولۇپ، ئىچى تار كىشىلەرنىڭ بۇلاردىن چورتلا نېسىۋىسى يوق.

قاتمۇقات يەر ئاستىدىن، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتىنلا ئالماسلارنى تاپقىلى بولغىنىدەك، چوڭقۇر تەپەككۇر قايىناملىرىغا شۇڭغۇغاندا ئاندىن ھەقىقەتنى بايقىغىلى بولىدۇ.

[فرانسىيە] ھيۇگو

# مومامنىڭ قولى

لىدىيە مارى [ئامېرىكا]
ئەخمەت ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى

مومامنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا بارغاندا، ئۇنىڭ مۇزدەك قولىنىڭ دۈمبىسىنى ئاستا سىلىدىم. مومام كۆزلىرىنى مىڭبىر جاپادا ئېچىپ قولۇمغا قارىۋىدى، مەن دەرھال ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— موما، ئالما قىيمىلىق بولكا يەمسىز؟

— لىدىيە مارى، — ئۇ زەئىپ ئاۋازدا ئىسمىمنى چاقىرىپ قويۇپ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

مومامنىڭ قوللىرى ھەمىشە ئالما قىيمىلىق بولكىنى ئېسىمگە سالاتتى. بۇرۇن مەن دائىم مومامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالما ئاقلىغىنىغا قاراپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ بارماقلىرىدا ئويناپ تۇرغان پىچاقتا ئالما شۆپۈكى ئاجايىپ نەپىس بۇرمىسمان ھالەتتە ئاقلىنىپ چىقاتتى.

— مېنىڭ قولۇممۇ سېنىڭكىدەك پارقىراق، سىلىق ئىدى، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ باشمالتىقى بىلەن قولۇمنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ



قوياتتى، — زاكا يۇيىمەن دەپ سۇغا چىلاۋېرىپ مۇشۇنداق كۆرۈمسىز بولۇپ كەتتى.

ئۇ بېشىنى چايقاپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا قوللىرىنىڭ دۈمبىسىدىكى بۆرتۈپ چىققان كۆكۈچ تومۇرلارغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— يەتتە بالىنىڭ زاكىسىنى يۇمسام بولمايتتى. قوشنىلار دائىم مەن يېيىپ قويغان زاكىلارنى بەك پاكىز يۇيۇلۇپتۇ، دېيىشەتتى. ئېمېرسون ئائىلىسىدىكىلەر كۆچۈپ كېتىش ئالدىدا، كلاۋدىيە ماڭا: «مارگارىتا، سىزنىڭ ئاشۇ چىرايلىق كىيىم ئاسقۇچلىرىڭىزنى ئەسلەپ تۇرىمەن» دېگەنىدى.

مەن مومام سۆزلەپ بەرگەن تۇرمۇشتىكى ئۇششاق تەپسىلاتلارنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدىم.

مەن بەزىدە ئۆيدىكى كونا پىيانىنونى قالايمىقان پەدىلەرگە چېلىپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتساممۇ، مومام يەنىلا مېنىڭ قولۇمنىڭ پىيانىنوچىلارنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى.

— سېنىڭ ئاپاڭ... — دېدى مومام بىر كۈنى ئالما ئاقلاۋېتىپ، — ئۇيان - بۇيان چېپىپلا يۈرەتتى. مەن ئالما قىيمىلىق بولكا پىشۇرۇۋاتقاندا، بوۋاڭنى ئىزدەپ كۆكتاتلىققا كېتەتتى ھەم شۇ يەردىكى ئىلەڭگۈچكە بىر چىقىۋالسا چۈشكىلى ئۇنىمايتتى.

— ئىلەڭگۈچ؟

— ھەئە، بوۋاڭ ئاشۇ چوڭ ئالما دەرىخىگە ئارغامچا باغلاپ ئىلەڭگۈچ ياساپ بەرگەنىدى. ئاپاڭ بۇ ئىلەڭگۈچنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ ئۇدۇل شۇ يەرگە چاپاتتى، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىلەڭگۈچ ئوينايتتى. ئۇ دەل شۇ ئىلەڭگۈچ يېنىدا تۇنجى سۆيگىنى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، مەن ئۇلارنى كۆرۈپ قالغانىدىم.

كۆزۈمنى يۇمسامىلا ئاپام كۆز ئالدىمغا كېلەتتى، ئۇنىڭ تەبەسسۇمى، سەدەپتەك ئاپپاق چىشلىرى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، دولقۇنلاپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىنى كۆرەتتىم. مومامنىڭ دېيىشىچە، مەن بەكلا كىچىك چېغىمدا ئاپام كېسەل سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتكەنىكەن.

مومام دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقاندا، هاممام بىلەن تاغام: «قەيەردە ئەڭ ياخشى خۇسۇسىي ساناتورىيە بار؟ قايسى ئۆي كۆچۈرۈش شىركىتى ئەڭ ئاز ھەق ئالىدۇ؟ قايسى ئۆي - مۈلۈك ۋاستىچى شىركىتى ئەڭ ياخشى؟» دېگەنلەرنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، مومامنىڭ ئۆيىنى ئوبدانراق باھادا سېتىشنى پىلانلىدى. شەنبە كۈنى مەن مەكتەپ ياتىقىدىن كۆچۈپ كەلدىم. پىكاپىم بىلەن مومامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، مومام بەرگەن ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئاچتىم. چۆلدەرەپ قالغان ئۆينى كۆرۈپ، ئاجايىپ بىر غېرىبلىق مېنى ئىسكەنجىگە ئالدى. كىيىم - كېچەكلىرىمنى دۈپ ياغىچىدىن ياسالغان ئىشكاپقا سالدىم، كارىدوردىكى تام ئىشكاپتىن كونا كاناپ كىرلىكنى ئېلىپ ھۇجرىدىكى كونىراپ كەتكەن كارىۋاتقا سالدىم. بۇ ئىلگىرى ئاپام ئىشلەتكەن نەرسىلەر ئىدى. شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن مامۇق ياستۇقنى تۈزەشتۈرۈپ كارىۋات بېشىغا تاشلىدىم.

تۇنجى كۈنى ئاخشىمى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدىم، يېرىم ئۇيقۇچىلىقتا كارىۋات تاختىيىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئەتىسى دوختۇرخانىغا مومامنى يوقلاپ باردىم، ئۇزۇن كارىدوردا چىرايىدىن ئىلاجسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە يەنە شۇنچىكى ئۈمىد ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان بىمارلار ھەم كېسەل يوقلىغۇچىلار ئۇچراپ تۇراتتى. مەن تېرىپ كەلگەن بەلىزگۈل ۋە قارا داغلىق سۈزېت گۈلنى ئەينەك لوڭقىغا سېلىپ، مومام قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى كېسەلخانىغا ئازدۇر - كۆپتۇر ئىللىقلىق قوشاي دەپ ئويلىدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي دوختۇرنىڭ رۇخستى بىلەن مومامنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدۇق. هاممام بىلەن تاغام ماڭا:

— سەن مەكتەپكە قايتىپ خاتىرجەم ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ. موماڭنىڭ ھالىدىن بىز خەۋەر ئالساق بولىدۇ، مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىسىدا قاتراپ يۈرسەڭ جان توشۇمايدۇ، — دېيىشتى.

مەن ئۇلارغا:

— مومام زەئىپ ئاۋازدا «لىدىيە مارى» دەپ چاقىرسا، ئۇنىڭ ئاشخانىدا قىيمىلىق بولكا پىشۇرۇۋاتقان قىياپىتى ئېسىمگە كېلىۋالىدىكەن، بۇ ھالدا ئۇنى تاشلاپ قويۇشقا كۆزۈم قىيمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

ھەئە، مەن پەقەت مومامغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇشنى، ۋاقتىنىڭ ئاستىراق ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

مەن تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى دۈپ ياغىچىدىن ياسالغان ئىشكاپتىن چىقىدىغان پۇراققا، قىش كۈنى ئاخشاملىرى پار تۇرۇبىسىدىن تامچىلايدىغان سۇنىڭ ئاۋازىغا، قورۇدىكى ئالما دەرىخىدىن تارقالغان خۇش پۇراقتىن نەپەسلىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدىم. كارىۋات تاختىيىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىمۇ خۇددى قەدىناس دوستۇمغا ئوخشاش تاكى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنگە قەدەر ماڭا ھەمراھ بولاتتى. بەزىدە ئارقا ھويلىغا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنەتتىم، كۆك ئاسمانغا، باراقسان ئالما دەرىخگە ياسالغان ئىلەڭگۈچكە قارايتتىم. ئىلەڭگۈچنى شۇنچىكى ئىتتىرىپ قويسامىلا ھەرىكەتكە كېلەتتى. بۇلار مومامنىڭ ئالما ئاقلاۋاتقان ھالىتىنى يەنە ئېسىمگە سالاتتى.

www.uyghurkitap.com





# گەپدان چېرچىل

نيۇ يۈ
مۇھەممەدئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

ئەنگلىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى چېرچىلنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە سىياسىي پاراستى غەرب دۇنياسىدا ئىزچىل تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، مەن ئۇنىڭ ھازىر جاۋابلىقىغا، يۇمۇرىستىكلىكىگە تېخىمۇ قايىل. ئۇنىڭ بەزى كىنايىلىك سۆزلىرى ھازىرغىچە ئەنگلىيەلىكلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرىدۇ. گەرچە، بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «سېپسىق گەپ» قىلىشقا ماھىرلىقى ھەممىگە ئايان. تۆۋەندە بىز چېرچىلنىڭ مۇشۇ خىل «سېپسىق گەپ»لىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى.

1. چېرچىل 75 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى زىياپىتىدە، بىر ياش مۇخبىر ئۇنىڭغا: «كېلەر يىلى يەنە تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى تەبرىكلەش نېسىپ بولغاي، ئىلاھىم» دېسە، چېرچىل ئۇ يىگىتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ: «قارىسام خېلىلا تېمەن كۆرۈنىسىز، چوقۇم نېسىپ بولىدۇ» دېگەن.

2. چېرچىل بىلەن داڭلىق يازغۇچى بېرنارد شاۋ ئەپ ئۆتمەيتتى. بىر قېتىم بېرنارد شاۋنىڭ سېنارىيەسىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن دىراما تىياتىرخانىدا قويۇلماقچى بولغان. ئۇ بىرەيلەندىن چېرچىلغا ئىككى دانە بېلەت ئەۋەتكەن ھەم «بۇ يېڭى دىرامامنىڭ تۇنجى كۈنلۈك بېلىتى. بىرىنى سىزگە ئەۋەتتىم، يەنە بىرىنى دوستلىرىڭىزغا بېرەرسىز ـ ئەگەر سىزنىڭ دوستىڭىز بار بولسا» دەپ يېزىلغان باغاقچىنىمۇ

ئىلەڭگۈچ يېنىدا ئاپام قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ «ئۇچقىن قوزام، چۇشۇپ كەتسەڭ سېنى ئۆزۈم تۇتۇۋالىمەن» دەيتتى.

مەن ئالما دەرىخىنىڭ غوللىرىنى سىلىدىم، ئاندىن ئەتراپىمدىكى يايپېشىل كۆكتاتلىقتا نەزەر تاشلىدىم. شۇ دەقىقىلەردە، ئاپامنىڭ چىرايىنى كۆرگۈم، مومامنىڭ ئالقانلىرىنى سىلىغۇم كەلدى ـ دە، دەرھال ھوجرىسىدا ياتقان مومامنىڭ يېنىغا كىردىم. مومامنىڭمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپامنىڭ يېنىغا كېتىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، كۆكۈچ تومۇرلىرىغا سۆيىدۇم ھەم «سىزنى سۆيىمەن، موما» دېگەچ خۇددى ئىلگىرىكى سانسىز قېتىم مومام ئۇستۇمگە يۇڭ ئەدىيال يېپىپ قويغاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇڭ ئەدىيال يېپىپ قويدۇم.

قوشۇپ قويغان. چېرچىل بېرنارد شاۋنىڭ ئۆزىنى بەك كۆپ دۈشمەنلىك بولۇپ كەتتىڭ دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بېلەتنى قايتۇرۇۋەتكەن ھەم «تولىمۇ ئەپسۇس، بۈگۈن ئالدىراش بولغاچقا، درامىڭىزنى كۆرگىلى بارالمايدىغان بولدۇم. لېكىن، مەن ئەتىكى درامىغا بېرىشنى بەكمۇ خالايمەن ــ ئەگەر بۇ درامىڭىز ئەتە يەنە قويۇلغۇدەك دەرىجىدە ئالقىشلىنىپ قالسا» دەپ يېزىلغان باغاقچىنى قوشۇپ قويغان.

3. چېرچىل كۈيۈ ئوغلىنى پەقەت ياقتۇرمايتتى. بىر قېتىم كۈيۈ ئوغلى ئىككىيلەن بىر زىياپەتكە تەڭ قاتنىشىپ قالدۇ. زىياپەت داۋامىدا، بىرەيلەن چېرچىلدىن: «سىز كىمگە ھەممىدىن بەك قايىل» دەپ سورىغاندا، ئۇ كۈيۈ ئوغلىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «بېنىتو مۇسسولىنىغا (ئىتالىيە فاشىستىك پارتىيەسىنىڭ كاتتىبېشى، گىتلېرنىڭ سادىق شېرىكى). چۈنكى ئۇنىڭدا كۈيۈ ئوغلىنى ئېتىۋەتكۈدەك جاسارەت بار ئىدى. ئەپسۇس مەندە يوق» دېگەن.

4. چېرچىل ئەنگلىيەلىك ئايال سىياسىي رەھبەر نەنسى ئاستور بىلەنمۇ چىقىشالمايتتى. بۇ ئىككىيلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا بىر ــ بىرنى چېقىۋالمىسا بولدى قىلمايتتى. بىر قېتىم ئىككىيلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، ئاستور چېرچىلغا: «ئەگەر سىزنىڭ ئايالىڭىز بولۇپ قالغان بولسام، چوقۇم قەھۋەيىڭىزگە زەھەر سېلىۋېتەتتىم» دېگەندە، چېرچىل ئالدىرىماي ــ تەمتىرىمەي تۇرۇپ: «ئەگەر سىزنىڭ ئېرىڭىز بولۇپ قالغان بولسام، زەھەر سېلىنغان قەھۋەنى ئىككىلەنمەي ئىچىۋېتەتتىم» دېگەن.

5. بىر قېتىم بىرەيلەن چېرچىلغا: «ھەر قېتىم سىز نۇتۇق سۆزلىگەندە، زالغا ئادەملەر پاتمايلا قالىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ھاياجانلىنىپ كېتەمسىز؟» دەپ سورىغاندا، چېرچىل: «دەسلەپتە ھاياجانلانغاندەك بولىمەن، لېكىن ‹ئەگەر مەن دارغا ئېسىلسام، كۆرگىلى كېلىدىغانلار چوقۇم بۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ›، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ھاياجىنىم چىپپىدە بېسىقىپ قالىدۇ» دېگەن.

6. 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە سايلام ئۆتكۈزۈلدى. ئەينى چاغدا گېرمانىيە تەسلىم بولغان، چېرچىل ئەنگلىيەگە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن تۇرۇقلۇق سايلامدا يېڭىلىپ قالدى. ۋاننىغا چىلىنىۋاتقان چېرچىل قول ئاستىدىكىلىرى يەتكۈزگەن سايلام نەتىجىسىنى ئاڭلاپ، تەمكىن ھالدا: «ئۇلار بىزنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىشكە تامامەن ھەقلىق، ئەنە شۇ دېموكراتىيە. بىز دەل شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغان» دېگەنىدى.

## ئۇستاتلىق

تونۇگۈن يېقىن ئۆتىدىغان بىرنەچچىمىز بىللە تاماق يېگەندۇق. سورۇن ئاياغلاشقاندا غوجايىننى ھېسابات قىلىۋېتىشكە چاقىردۇق. ئۇ ھېسابات تالونىنى بىزگە تەڭلەپ:

ــ جەمئىي 261 يۈەن بوپتىكەن، 260 يۈەنلا بېرىڭلار، ــ دېۋىدى، بىر دوستىمىز دەرھال:

ــ غوجايىن، 261 يۈەننىڭغۇ 260 يۈەن قىلىپ ھېسابلىۋەتتىڭىز، ئەگەر 266 يۈەن بولغان بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۇنىمۇ 260 يۈەن دەپ ھېسابلايتتىم.

ــ ئۇنداقتا خاپا بولماي بەش يۈەنلىك كولادىن بىرنى ئەكېلىۋېتىڭە.

ــ ...

# كىتاب ئوقۇماسلىقتا باھانىڭىز بارمۇ

دى چىلىڭ
لۇتپۇللا مۇھەممەد تەرجىمىسى

كىتاب ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەت، مىللەت، دىن، مەدەنىيەت ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، جىمجىت ئالتە مىنۇت كىتاب ئوقۇغاندا، ئادەمدىكى بېسىم ئۈچتىن ئىككى ئۆلۈش يېنىكلەيدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈنۈمى مۇزىكا ئاڭلىغان ياكى سەيلە قىلغاندىكىدىن كۆپ ياخشى ئىكەن. زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كىتاب ئوقۇش چوڭ مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇپ، جىددىيلەشكەن مۇسكۇللارنى بوشىتىپ، يۈرەك سوقۇش رىتىمىنى ئاستىلىتىدىكەن.

خوش، ئۇنداقتا نېمىشقا يەنىلا شۇنچە كۆپ ئادەم بۇ قەدەر ئۈنۈملۈك «رېتسېپ»تىن پايدىلانمايدۇ؟

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ كىتاب ئوقۇمايدىغانلىقىغا «ئىشىم ئالدىراش» دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا، سىز زادى قانچىلىك ئالدىراش؟ ھەرقانچە بولسىمۇ جەڭگاھتىكى ئەسكەرلەردەك ئالدىراش ئەمەستۇرسىز؟

نېمىشقا مۇنداق سورايدىغانلىقىمغا قىزىقىسىڭىز، نەزىرىڭىزنى تۆۋەندىكى بايانلارغا ئاغدۇرۇڭ.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پېئارل خاربور ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پۇقرالارنى جەڭگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. دابولدېي (Doubleday)، پىنگۋىن، راندوم ئۆيى (Random House) قاتارلىق داڭلىق كىتابچىلىق شىركەتلىرى «جەڭ مەزگىلىدىكى كىتاب كومىتېتى» قۇرۇپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە «ئەسكەرلەر كىتابچىسى»نى نەشر قىلىشقا باشلىدى. ئەسكەرلەر كىتابچىسى دېگىنىمىز ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ فورمىسىنىڭ يانچۇقىغا دەل كەلگۈدەك چوڭلۇقتىكى كىتابچە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا زور مىقداردا بېسىلىپ، ئەسكەرلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەنىدى.

1941 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقانغا قەدەر قىسقىغىنا تۆت يىل ئىچىدە، «ئەسكەرلەر كىتابچىسى»دىن 1332 خىل نەشر قىلىنىپ، جەمئىي 120 مىليون پارچە بېسىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئامېرىكا ئەسكىرىگە 10 پارچىدىن كىتاب توغرا كەلگەن. ئۇلار قوشۇن يۆتكەلگەندە، پاراخوتنىڭ پالۇبىسىدا، لاگېردا، ھاۋا ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۆڭكۈرىدە، دالا ئۇرۇشى دوختۇرخانىسىدىكى كېسەل كارىۋىتىدا، ئىشقىلىپ شارائىت يار بەرگەن ھەرقانداق يەردە كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. نۇرغۇن ئەسكەرلەر ھېمىڭۋاي، فالكنېر، كونراد قاتارلىق داڭلىق يازغۇچىلارنى جەڭ مەزگىلىدە تونۇغان؛ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا «جېيىن ئېير»، «تاماكا يولى» (Tobacco Road)، «بىرۇكلىندا بىر تۈپ دەرەخ بار» قاتارلىق كىتابلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. بولۇپمۇ «بىزنىڭ گاتسبىي قالتىس» دېگەن كىتاب ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە ئالقىشلىنىپ، ياۋروپادىكى جەڭگاھقا ئاپىرىلغان 150 مىڭ پارچە كىتاب ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغان. ئەينى چاغدىكى شۇ قەدەر ناچار شارائىتتا، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى-

# ئاۋدىفون

ۋاڭ ۋوجۇن

يېقىندا دوستۇم جون گاس بولۇپ قېلىپ، ھېچنېمىنى ئاڭلىيالماس بولۇپ قالغاچقا، ئاۋدىفون (ئاڭلاشقا ياردەم بېرىدىغان ئاپپارات)دىن بىرنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداقلا، شۇ ئاۋدىفوننى سېتىۋالغاندىن بۇيان، مېنى كۆرسىلا بۇ نەرسىنىڭ نەقەدەر ياخشى ئىكەنلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جوننى يوقلاپ باردىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئاجايىپ ھاياجان ئىلكىدە:

— بۇرادەر، ساڭا ئېيتاي، ئۆمرۈمدە پۇلنى بۇنىڭدىنمۇ جايىغا خەجلىگىنىمنى ئۇقمايمەن. بۇ نەرسە ماڭا راستلا بەك ئەسقاتتى، — دېدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

ئۇ يەنە يۇقىرى ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىلگىرى ئاۋدىفون ئىشلەتمەستە، قۇلۇقىمغا پاختا تىقىۋالغاندەك ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتىم. لېكىن، مۇشۇ نەرسىنى ئىشلەتكەندىن بېرى، ھۇجرامدا تۇرۇپمۇ ئاشخانا ئۆيدىكى چاينىڭ قاينىغان ئاۋازىنى؛ بىر كىلومېتىر يىراقتىن كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىيالايدىغان بولدۇم. سەندىن يوشۇرمايمەن، بۇرادەر، بۇ راستلا مەن ئۆمرۈمدە سېتىۋالغان ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇھىم نەرسە بولدى.

ئۇ سۆزىنى تۈگەتكۈچە مەن توختىماي بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئاندىن ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئاۋدىفوننى قانچە پۇلغا ئالدىڭ؟ — دەپ سورىدىم.

جون قولىدىكى سائەتكە بىر، ماڭا بىر قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— ھازىر سائەت 10 دىن 25 مىنۇت ئۆتتى.

— ...



نىڭ ئىزچىل جەڭگىۋارلىقنى ساقلىيالىشىدا شۇ كىتابلارنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر رولى بار دېسەك خاتالاشمايمىز.

«جەڭ مەزگىلىدىكى كىتاب كومىتېتى» بىر ئەۋلاد ئامېرىكا كىشىلىرىدە كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇ «ئالاھىدە ئوقۇرمەن»لەر كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرغاچقا، كىتاب ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، يۇقىرىدا جەڭگاھتىكىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش ئەھۋالى بىلەن بىرەر قۇر تونۇشۇپ چىقتىڭىز. ئۇنداقتا، سىزنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىققا يەنە باھانىڭىز بارمۇ؟

uyghurkitap.com



# 30 سانتىمېتىرلىق ھۆرمەت

خۇەن چېن

سائادەت ئەخمەت تەرجىمىسى

كىرىس كوپېنھاگېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. بىر كۈنى ماشىنىسىنىڭ چاقى ئېتىلىپ كەتكەچكە ھەم ئاپتوبۇسقا ئۇلگۇرەلمىگەچكە، ئۇ ئىشقا پىيادە بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ بىر دوقمۇشتىن ئۆتۈۋېتىپ، كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر بوۋاينىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا ئېسىلىپ يۇرۇپ بىرنەرسىلەرنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەخلەت ساندۇقى بوۋايغا نىسبەتەن بەكلا ئېگىز ئىدى. پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەرگە ئاران دەسسەپ تۇرغان بوۋاي ئەخلەت ساندۇقىغا باشچىلاپ چۆكۈپلا كەتكەندى. بىر ئازدىن كېيىن، بوۋاي ئىككى تال مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنى تېپىپ چىقتى - دە، يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان مەينەت نەرسىلەرنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، يەنە بىر ئەخلەت ساندۇقىغا قاراپ يۈگۈردى.

كىرىس ئاساسەن پىيادە يول يۈرمىگەچكە، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان بۇ كىشىلەرنى ھېچقاچان شۇ كۈندىكىدەك ئىنچىكە كۆزىتىپ باقمىغانىدى. كۆز ئالدىدىكى بوۋاينىڭ بىچارە تۇرقى، بىرنەچچە تال بوتۇلكا ئۈچۈن ئۈستىبېشىنىڭ مەينەت بولۇپ كېتىشىگە قارىماي ئەخلەت ساندۇقىنى ئاختۇرۇشى كىرىسنىڭ كۆڭلىنى بىرقىسىملا قىلىپ قويدى. كىرىس يەنە بىر كوچىدا ئۇستۇنكى بەدىنى يالىڭاچ بىر بالىنى كۆردى. بالىنىڭ ئېگىز ئەخلەت ساندۇقىغا ئېسىلىپ دېگۈدەك بىرنەرسە ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىرىس ئۇنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ بالا بىرھازا ئىزدەپمۇ ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ئىچىگىلا كىردى - دە، بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن، ئاق رەڭلىك بوتۇلكىدىن بىرنەچچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كىرىس ئىش ئورنىغا بارغۇچە ھەربىر كوچىدا دېگۈدەك ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى تېرىۋاتقان بوۋايلارنى، بالىلارنى، ئاياللارنى كۆردى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ بويى پاكار ئىدى، ئارىسىدا ھەتتا مېيىپلەرمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، كوچىدىكى ئەخلەت ساندۇقلىرى ئاجايىپ ئېگىز بولۇپ، خۇددى ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى تەرگۈچىلەرنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، مەغرۇر بىر سىياقتا تۇرۇشاتتى.

ئەتىسى، كىرىس شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە كوچىلاردىكى ئەخلەت ساندۇقلىرىنى پاكارلىتىش ھەققىدە تەكلىپ سۇندى. كىرىس دوكلاتىدا مۇنداق دېدى:

ھۆكۈمىتىمىز جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تارقاتتى، ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى بەردى، ۋەھاكازالار. لېكىن، پاراۋانلىق يۈزەكى ھەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھالال ئەمگەك بىلەن جان بېقىشنى ئىستەيدىغان ھەرقانداق ئادەمنى تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈشى كېرەك. تەكشۈرۈشۈمچە كوپېنھاگېن شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدىكى ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىكەن. مېنىڭچە بىز بارلىق ئەخلەت ساندۇقلىرىنى 30 سانتىمېتىر تۆۋەنلەتىشىمىز كېرەك، شۇندىلا ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى تېرىدىغانلار ئەخلەت ساندۇقلىرىنى

# تىلەمچى بىلەن پوپ

شيا يىنزوڭ

ئىرلاندىيەدە ئىككى تىلەمچى پىيادىلەر يولىدا تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا چوڭ كىرېست، يەنە بىرسىنىڭ قولىدا يەھۇدىي دىنىنىڭ بەلگىسى — داۋۇد يۇلتۇزى (ئىككى تەڭ تەرەپلىك ئۈچ بۇلۇڭدىن ھاسىل بولغان ئالتە بۇلۇڭلۇق شەكىل، يەھۇدىيلار بۇنى داۋۇت ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى پادىشاھلىقنىڭ بايرىقى دەپ قارايدۇ) بار بولۇپ، ئىككىلىسىنىڭ ئالدىغا بىردىن شلەپە قويۇلغانىدى.

يولدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك داۋۇد يۇلتۇزى كۆتۈرۈۋالغان تىلەمچىگە مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ، كىرېست كۆتۈرۈۋالغان تىلەمچىنىڭ ئالدىدىكى شلەپىگە پۇل تاشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا كىرېست كۆتۈرۈۋالغان تىلەمچىنىڭ شلەپىسى توشۇپتۇ، يەنە بىرسىنىڭكىگە بولسا بىر تىيىنمۇ پۇل چۈشمەپتۇ.

بىر پوپ بۇ ئىككىسىنى بىرھازا كۆزەتكەندىن كېيىن، داۋۇد يۇلتۇزى كۆتۈرۈۋالغان تىلەمچىگە:

— ئەجەبا سىز ئۆزىڭىزنىڭ خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ مەملىكىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەيۋاتامسىز؟ سىز يەھۇدىيلارنىڭ داۋۇد يۇلتۇزىنى كۆتۈرۈپ بۇ يەردە تۇرسىڭىز، بىر تىيىنغىمۇ ئېرىشەلمەيسىز، — دەپتۇ.

داۋۇد يۇلتۇزى كۆتۈرۈۋالغان تىلەمچى پوپقا پەرۋا قىلماي، يېنىدىكى يەنە بىر تىلەمچىگە:

— ھەي خايمى، ماۋۇ ئادەمنىڭ دەۋاتقان گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇ بىزگە قانداق سودا قىلىشنى ئۆگەتكۈدەك، ئۆزىنى كىم چاغلايدۇ؟ — دەپتۇ.



ئاختۇرغاندا ئۇنچۇۋالا قىينىلىپ كەتمەيدۇ.

كىرىسنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەتكە تويۇنغان تەكلىپى تېزلا تەستىقلىنىپ، بىر ئايدىن كېيىن كوپېنھاگېن كوچىلىرىغا ئەسلىدىكىدىن 30 سانتىمېتىر تۆۋەنلىتىلگەن ئەخلەت ساندۇقلىرى ئورنىتىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، لايىھەلىگۈچى يەنە ئەخلەت ساندۇقىنى ئاستى - ئۈستى چۆرگىلەتكىلى بولىدىغان قىلىپ، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى تېرىدىغانلارغا زور قولايلىق يارىتىپ بەردى.

كوپېنھاگېن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشى نۇرغۇن كىشىنى تەسىرلەندۇردى. بەزىلەر ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدا بۇ ئىشنىڭ تەشەببۇسچىسىنى ماختىسا؛ يەنە بەزىلەر بۇ 30 سانتىمېتىر ئارىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاجىزلارغا قىلغان غەمخورلۇقىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ھېس قىلدۇردى، دېيىشتى.

شۇنداق، ئىززەت - ھۆرمەت قۇرۇق شوئارلاردىن كۆرە ئاشۇنداق «30 سانتىمېتىر»لاردا تېخىمۇ بەك گەۋدىلىنىدۇ.



# تۆگىقۇشنىڭ قىسمىتى

مۇ يىچى
لۇتپۇللا مۇھەممەد تەرجىمىسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تۆگىقۇشنىڭ ھەم كەڭ، ھەم يوغان قاناتلىرى بار ئىكەن. ئۇ ئاسماندا ئاجايىپ تېز، ئېگىز، سەنئەتلىك ئۇچقاچقا، ئۇچار قۇشلار ئارىسىدا «ئاسمان ئەركىسى» دەپ تەرىپلىنىدىكەن.

لېكىن، بىر قېتىملىق ئۇچۇش جەريانىدا تۆگىقۇشنىڭ قانىتى يارىلىنىپ، ئۇچۇش سۈرئىتى بىراقلا ئاستىلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش تېزلا باشقا قۇشلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ.

قارىغۇجا تۆگىقۇشقا:

— ئىلگىرىكى ھەيۋەتلىك ئۇچۇشلىرىڭىزدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، قېرىپسىز، — دەپتۇ.

ئاق باش بۈركۈت ئۇنىڭغا:

— قارىسام ئۇچۇش ماھارىتىڭىز بەك تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. ئەڭ ياخشىسى «ئاسمان ئەركىسى» دېگەن نامنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

چايكا ئۇنىڭغا:

— قارىغاندا ماھارىتىڭىزگە تەمەننا قويۇپ يۈرۈپ، مەشقنى تاشلىۋېتىپسىز - دە؟ بىزنى بەك ئۈمىدسىزلەندۈردىڭىز جۇمۇ... — دەپتۇ.

تۆگىقۇش بەكلا ئازابلىنىپتۇ. ئۇ يارىلانغانلىقى سەۋەبلىك ئۇچۇش ماھارىتىگە تەسىر يەتكەنلىكىنى ئېيتماقچى بوپتۇ - يۇ، كۆپچىلىكنىڭ باھانە كۆرسىتىۋاتىسەن دېيىشىدىن قورقۇپ، سۈكۈت قىپتۇ ھەم «يارام تولۇق ساقايغۇچە ئۇچماي تۇراي. بولمىسا ھازىرقىدەك ئاستا ئۇچسام بەك سەت تۇرىدىكەن. يەنە كېلىپ، مەندەك بىر ‹ئاسمان ئەركىسى›گە ئاشۇ كالانپايلارنىڭ سىپسىق گەپلىرىنى ئاڭلاشتىنمۇ ئارتۇق ئاھانەت بارمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خىلۋەت بىر يەرگە بېكىنىۋېلىپ، يارىسىنىڭ ساقىيىشىنى كۈتۈپ، نەچچە ئايغىچە ئۇچماپتۇ.

يارىسى تولۇق ساقايغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇچماقچى بوپتۇ - يۇ، بۇ نەچچە ئاي جەريانىدا سەمرىپ، كالانپايلىشىپ كەتكەنلىكتىن ناھايىتى جاپادا، بەكلا ئاستا ئۇچۇپتۇ.

تۆگىقۇش يارىلانغان چاغدىكىدىنمۇ بەك ئازابلىنىپ: «ئەگەر باشقا قۇشلار بۇ ھالىتىمنى كۆرسە، ‹ئاسمان ئەركىسى›لىك شۆھرىتىم قولدىن چىقىپ كېتىدۇ، يۈزۈم تۆكۈلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇچمايلا قوياي، شۇنداق قىلسام ‹ئاسمان ئەركىسى›لىك يەنە ماڭا تەۋە بولىۋېرىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، «ئاسمان ئەركىسى» دەم ئالغاچ، قۇشلار ئارىسىغا قايتىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ. ئويلا - ئويلا، ئۇچۇش ماھارىتى كۈنسايىن

# ئەقىللىق دادا

شى مېي

بىر يىگىت توي قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن، توي تەييارلىقلىرى بەك جىددىي بولغاچقا، ئىشلارغا يېتىشىپ بولالماي، دادىسىغا:

— دادا، بۇ دوستلىرىمنىڭ تېلېفون نومۇرى تىزىملىكى. خاپا بولماي، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە توي ئىشىمنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

— ماقۇل، بالام، — دەپتۇ دادىسى ئىككىلەنمەيلا.

توي كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. لېكىن، توي ئاخىرلىشاي دېگەندە ئوغلى دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، زەردە بىلەن:

— دادا، دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر قىلىپ قويۇڭ دېگەنىدىمغۇ؟ قېنى ئۇلار؟ — دەپتۇ.

— ھەممە دوستلىرىڭغا خەۋەر قىلدىم، بالام، — دەپتۇ دادىسى.

— لېكىن، مەن سىزگە بەرگەن تىزىملىكتە 50 ئادەمنىڭ نومۇرى بار ئىدى. بۈگۈن ئاران 15 تەكلا ئادەم كەپتۇغۇ؟

— مەن راستلا تىزىملىكتىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر قىلدىم. لېكىن، سېنىڭ توي قىلماقچى ئىكەنلىكىڭنى ئۇدۇل دېمەي، ‹ئوغلۇم سىزگە تېلېفون قىلىشىمنى ئېيتقانىدى. ھازىر ئۇ ئاۋارىچىلىككە يولۇقتى، شۇڭا سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج. XX - كۈنى پالانى يەرگە كەلگەن بولسىڭىز› دېدىم. شۇڭا ئوغلۇم، ئاچچىقىڭغا ھاي بەر، بۈگۈن دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسى تولۇق كەلدى، — دەپتۇ.



تۆۋەنلەپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى تۆگىقۇش پەقەتلا ئۇچالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئازابلىنىپتۇ، پۇچىلىنىپتۇ، تولغىنىپتۇ، لېكىن ھېچ ئىش ئورنىغا كەلمەپتۇ. ئەمما، ئۇ ئارقىدىنلا: «ئۇچۇش - ئۇچالماسلىقىم مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى بۇ ئىشنى كۆپچىلىككە بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك. ئۇلار بىلىپلا قالسا مېنى تەنە - مەسخىرىلەرگە كۆمۈۋېتىدۇ. بۇ مەنىدەك ‹ئاسمان ئەركىسى›گە نىسبەتەن ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يۈز - ئابروي، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاشتىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇغان تۆگىقۇش ئۆزىنى باشقا قۇشلاردىن قاچۇرۇپ، يەككە - يېگانە ياشايدىغان بولۇۋاپتۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ «ئاقىل» تەدبىرىدىن پەخىرلىنىپ يۈرۈپتۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك، تۇرمۇشتىمۇ بەزى بىچارە «تۆگىقۇش»لار ئاتالمىش «يۈز - ئابروي»نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، رېئاللىققا، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا يۈزلەنمەي، ھەقىقىي ئۇتۇق ۋە شان - شۆھرەتلەردىن قۇرۇق قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






سۈرەتتىكىسى ئەنگلىيە گىرىنۋىچ رەسەتخانىسىنىڭ كونا ئورنىدىن ئۆتىدىغان باش مېرىدياننىڭ ئورنى

«باش مېرىدىيان ئەنگلىيە گىرىنۋىچ رەسەتخانىسىنىڭ كونا ئورنىدىن ئۆتىدىغان نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىيانىنى كۆرسىتىدۇ» — بۇ بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى جۇغراپىيە دەرسىدە سۇدەك يادلىۋەتكەن ئېنىقلىما. ئەگەر، مەن ھازىر بىز شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئالدىنىپ كەپتۇق، باش مېرىدياننىڭ ئورنى ئىزچىل خاتا كۆرسىتىلىپ كەلگەنىكەن دېسەم، چوقۇم ھەيران قالىسىزغۇ دەيمەن.

ئامېرىكا ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاسترونوملارنىڭ يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىسى ھەممىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكىنىگە 131 يىل بولغان بۇ «ئومۇمىي ساۋات»نى ئىنكار قىلىۋەتتى. تەتقىقاتچىلار ئىنچىكە ھېسابلاش نەتىجىسىدە، ھەقىقىي نۆل گرادۇسلۇق مېرىدياننىڭ گىرىنۋىچ رەسەتخانىسىنىڭ 101 مېتىر شەرقىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بايقىدى.

ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، «نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىيان» ھازىرقى گىرىنۋىچ باغچىسىدىكى بىر ئەخلەت ساندۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىكەن.

تارىختا گىرىنۋىچ خان جەمەتى رەسەتخانىسى «باش مېرىدىيان»نىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، قاتمۇقات مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ، نۇرغۇن رىقابەتچىلىرى بىلەن كەسكىن تىركەشكەن. 14 - ئەسىردىن بۇرۇن، قىسمەن رايونلار ئاتلانتىك ئوكياندىكى كانارىس تاقىم ئاراللىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان باش مېرىدىيانىنى ئىشلەتكەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۆز سەنئىمگە دەسسەپ، خالىغانچە «باش مېرىدىيان» بېكىتىۋېلىشقان. 1884 - يىلى 10 - ئايدىكى ۋاشىنگتون خەلقئارالىق باش مېرىدىيان يىغىنىدا، ئەنگلىيەدىكى گىرىنۋىچ رەسەتخانىسىنىڭ كونا ئورنىدىن ئۆتىدىغان ھازىرقى باش مېرىدىيان «چېمپىيون»لۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، قانۇنىي ئېتىراپقا ئېرىشكەن.

سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى (GPS) بارغانسېرى ئومۇملىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى ئويلاپلا تۇرىدىغان كىشىلەر گىرىنۋىچ رەسەتخانىسىغا كىرىپ، يانفونىنىڭ ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىنى ئاچقاندا، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىيان ئەمەسلىكىنى بايقاپ ھەيران قېلىشقان.

«باش مېرىدىيان»نىڭ ئورنى ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ ئەۋجگە چىقىشى سەۋەبلىك، ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسترونوملىرى «باش مېرىدىيان»نىڭ ئورنىنى قايتىدىن ھېسابلىغان. ئىگىلىنىشىچە، ئەنگلىيە ئالىملىرى 1851 - يىلى تېلېسكوپ ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ،



سىلۋىيە لۇكان [گېرمانىيە]
نۇرئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

# سىز ئىچ مىجەزمۇ؟

ئۆزىڭىز ئامراق ئىچىملىكتىن بىر ئىستاكان تەييارلاپ، قولىڭىزغا قەلەم ئېلىپ، 15 مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتىپ، تۆۋەندىكىلەردىن ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان تۈرلەرنى تاللاپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىچ مىجەز ياكى ئەمەسلىكىڭىزگە باھا بېرىپ بېقىڭ.

1. باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، قارشى تەرەپ سوئالىڭىزغا ئېنىقلىمىگۈلۈك بىلەن جاۋاب بەرسە، ئىچىڭىز بەك تىتىلداپ كېتىدۇ.

2. ئۇپچە پاراڭلىشىش سىزگە ھوزۇر بېغىشلىيالمايدۇ، ئىككى كىشىلىك سۆھبەتنى بەكرەك ياقتۇرىسىز.

3. كۆزقارىشىڭىزنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيسىز.

4. ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت پاكىز - رەتلىك بولسا، كەيپىياتىڭىز بۆلەكچە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

5. كۆز قارىشىڭىزنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشنى ياقتۇرىسىز، ئۇزۇن ئويلىنىپ ئولتۇرمايسىز.

6. چارچىسىڭىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى توختىتىپ قويىسىز، زورۇقۇپ ئىشلىمەيسىز.

7. بەك تېز سۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولسىڭىز بىئارام بولىسىز.

8. دىتىڭىز بار.

9. ئىمكانقەدەر كىشىلەر توپىدىن قاچىسىز.

---

باش مېرىدىيانىنى بېكىتكەن. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى ۋە تارتىش كۈچى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە سانلىق مەلۇماتتا پەرق كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىلىم - پەن ساھەسىدە، ھەرقانداق سان - سىپىر مەڭگۈلۈك ئەمەس. تېخى بايىلا مەڭگۈ ئاغدۇرغىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنگەن ھۆكۈملەر بىردەمدىلا يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئورۇن بوشىتىشى مۇمكىن.

10. ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ قالىسىز.

11. مۇبادا بىر توپ كىشى بىلەن ئۇزاق بىللە بولسىڭىز، ھېرىپ - چارچاپ ھالىڭىزدىن كېتىسىز، ھەتتا ئاچچىقلىنىسىز.

12. سۆزىڭىزنى باشقىلار ھەمىشە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ.

13. مۇبادا ئۆيىڭىزگە مېھمان كەلسە، سىز بۇ مېھمانلارنىڭ ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلىشىنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ئارزۇ قىلىسىز.

14. چوڭراق ئىش قىلغاندا، ئىشنى ئاز - ئازدىن ئىشلەپ تۈگىتىشنى ياقتۇرىسىز، بىر قېتىمدىلا كۆپ قىسمىنى تاماملايدىغان ئادىتىڭىز يوق.

15. باشقىلار بىلەن ئۇزاقراق ياكى يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلاشسىڭىز ئۆزىڭىزنى چارچاپ كەتكەندەك ھېس قىلىسىز.

16. دوست - بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئارزۇلاپ كەتمەيسىز، ئەمما چىن دوستلۇقنى قەدىرلەيسىز.

17. باشقىلارنىڭ ئوي - خىيالىغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيسىز.

18. ئۇيقۇغا بەك ئەھمىيەت بېرىسىز.

19. يېڭى مۇھىت سىزنى روھلاندۇرۇۋېتىدۇ.

20. باشقىلارنىڭ تويۇقسىز مالال قىلىشىنى ياقتۇرمايسىز.

21. باشقىلار سىزنى جىمغۇر، تارتىنچاق، كىشىلەر بىلەن قويۇق ئارىلاشمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

22. ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا بەك كۆڭۈل بۆلىسىز.

23. خەت يېزىشقا قارىغاندا، مەقسىتىڭىزنى ئاغزاكى دېيىشنى ياقتۇرىسىز.

24. بىرەر قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى ھەر تەرەپلىمە مەسلىھەت سورايسىز.

25. كىشىلەر ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىقنى ھەمىشە كېيىنرەك ھېس قىلىسىز.

26. گۈزەللىك تۇيغۇڭىز كۈچلۈك.

27. باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ، بەزى پائالىيەتلەرگە ۋە ئىجتىمائىي سورۇنلارغا بېرىشتىن قاچىسىز.

28. باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىسىز.

29. پىكىر يۈرگۈزۈشنى، ئىشنىڭ سەۋەب - نەتىجىسىنى ئېنىقلاشنى ياقتۇرىسىز.

30. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سۆزلەشتىن قاچىسىز.

31. باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ئانچە ماھىر ئەمەس.

32. باشقىلارنىڭ سىزدىن ئۈمىد كۈتۈشى سىزگە ئاسانلا بېسىم ھېس قىلدۇرىدۇ.

33. مۇشتقا مۇشت بىلەن تاقابىل تۇرىسىز.

34. يالغۇز قالسىڭىز ئاسانلا ئىچىڭىز پۇشىدۇ.

35. تەبرىكلىگۈدەك ئىشلار يۈز بەرگەندە، تەبرىك زىياپىتى ئۆتكۈزۈشنى ياكى بىر توپ دوستلىرىڭىزنى يىغىپ تاماق يېيىشنى ياخشى كۆرىسىز.

**ئەمدى تاللىغان تۈرلىرىڭىزنى جاۋاب بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.**

ئەگەر 2، 6، 7، 9، 11، 15، 20، 21، 22، 24، 27، 29، 30، 32لەرنى تاللىغان بولسىڭىز سىز ئىچ مىجەز.

ئەگەر 1 ، 3، 5، 10، 12، 14، 17، 19، 23، 25، 28، 31، 33، 34، 35لەرنى تاللىغان بولسىڭىز سىز تاش مىجەز.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 4، 8، 13، 18، 26




قارىغۇلارچە كۆيۈنۈش كۆپىنچە ھاللاردا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

گالاپاگوس تاقىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئارالدا مەن ۋە باشقا يەتتە نەپەر ساياھەتچى بىر ئالىمغا ئەگىشىپ، ئاق رەڭلىك دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ، تىنچ ئوكيان يېشىل دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ ئۇۋىسىنى ئىزدەۋاتاتتۇق.

تۇخۇمدىن چىققان دېڭىز تاشپاقىلىرىنىڭ چوڭراقلىرى 330 قاداق (1 قاداق 0.4535924 كىلوگىرامغا تەڭ) كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 4 -، 5 - ئايلاردا تۇخۇمدىن چىقىدۇ - دە، بەس - بەستە دېڭىزغا كىرىشكە تۇتۇنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ۋاقتىدا دېڭىزغا كىرىۋالمىسا، يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئوزۇقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئادەتتە، دېڭىز تاشپاقىلىرى دېڭىزغا كىرمەكچى بولسا، ئاۋۋال بىر تاشپاقا ئۇۋىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ۋەزىيەتنى «كۆزىتىپ»، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ.

بىز ئاخىر تەخسە شەكىللىك يوغان بىر دېڭىز تاشپاقىسى ئۇۋىسىنى ئۇچراتتۇق. بىر كىچىك دېڭىز تاشپاقىسى بېشىنى قۇم يۈزىدىن تەخمىنەن يېرىم فۇت (1 فۇت 0.3048 مېتىرغا تەڭ) ئېگىزلىكتە كۆتۈردى. تۇيۇقسىز كەينىمىزدىكى چاتقاللىقتىن شىرىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا بىر سېرىق تۇمشۇقلۇق تۇردۇس قۇشى ئۇچۇپ چىقتى. بۇ قۇش بىچارە تاشپاقغا يېقىنلا يەرگە كەلگەندە، بىزنىڭ ئېكۋاتورلۇق ساياھەت يېتەكچىمىز «ئاۋاز چىقارماي، دىققەت قىلىپ قاراڭلار! ئۇ ھازىرلا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ»

---

قاتارلىق بەش تۈر مىجەز - خاراكتېرىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بۇلار سىزنىڭ جاۋابقا باغلىنىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن چىقىرىلغان قايمۇقتۇرۇش تۈرلىرى.

**سېلىشتۇرۇش نەتىجىڭىز قانداق بولدى؟**

مۇبادا تاللىغانلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە، ئىچ مىجەزگە ياتىدىغان تاللاش تۈرى تاش مىجەزگە ياتىدىغان تاللاش تۈرىدىن ئۈچى (ئۈچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولسا، سىز ئىچ مىجەزلىك ھېسابلىنىسىز. بۇ خىل تۈرلەرنى قانچە كۆپ تاللىغان بولسىڭىز، سىز شۇنچە ئىچ مىجەز دېگەن گەپ.

مۇبادا تاللىغانلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە ئىچ مىجەزگە ياتىدىغان تاللاش تۈرى بىلەن تاش مىجەزگە ياتىدىغان تاللاش تۈرىنىڭ سانى تەڭ بولسا ياكى پەقەت ئىككىسىلا پەرقلەنسە، سىز قوش مىجەزلىك ئادەم ھېسابلىنىسىز، سىزنى «قوش يۈزلۈك ئادەم» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ھەر خىل مىجەزلىك كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلەيسىز.

مۇبادا تاللىغانلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە، تاش مىجەزگە ياتىدىغان تاللاش تۈرى ئىچ مىجەزگە ياتىدىغان تاللاش تۈرىدىن ئۈچى (ئۈچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولسا، سىز تاش مىجەز ئادەم ھېسابلىنىسىز. بۇ خىل تۈرلەرنى قانچە كۆپ تاللىغان بولسىڭىز، سىز شۇنچە تاش مىجەز دېگەن گەپ.

ئويغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com



دېدى.
تۇردۇس قۇشى تاشپاقا ئۇۋۇسىغا ئاستا يې-
قىنلىشىپ، ھېلىقى تاشپاقىنىڭ بېشىنى چو-
قۇپ، ئۇنى يەر يۈزىگە تارتىپ چىقماقچى بولدى.
ھەمراھلىرىم جىددىيلەشكىنىدىن ئېغىرراق
نەپەسمۇ ئالالمايۋاتاتتى.
— نېمىشقا ھېچقايسىڭلارنىڭ ئۇ بىچارە
بىلەن كارى بولمايدۇ؟ — ۋارقىرىدى ئارىمىزدى-
كى بىرەيلەن تۇيۇقسىز.
ساياھەت يېتەكچىسى ئۇنى گەپ قىلماس-
لىققا ئىشارەت قىلىپ: «بۇ دېگەن تەبىئەتنىڭ
قانۇنىيىتى» دېدى.
— قويۇڭ ئۇنداق قانۇنىيەتلىرىڭىزنى، مەن بۇ
يەردە پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىگە قاراپ تۇرالمايمەن، —
دېدى لوس ئانژېلېستىن كەلگەن بىرەيلەن.
— سىلەر نېمىشقا ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ
سۆزىنى ئاڭلىمايسىلەر؟ — دېدىم مەن، — بىز
ھايۋانلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماسلىقىمىز كېرەك.
— سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسا، ئۇنى ئۆ-
زۈم قۇتقۇزىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى بىرەيلەن
ئۆزىنى بېسىۋالالماي.
ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىمىز تۇردۇس قۇشىنى
قاچۇرۇۋەتتى. ھېلىقى ساياھەت يېتەكچىسى
كۆپچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا دېڭىز تاشپاقى-
سىنى ئۇۋۇسىدىن تارتىپ چىقىپ، دېڭىزغا قو-
يۇۋەتتى.
لېكىن، ئارقىدىنلا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەم-
مىمىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئۇۋىدىكى باشقا
دېڭىز تاشپاقىلىرى ھەمراھىنىڭ ئۇۋىدىن چى-
قىپ كەتكەنلىكىنى سىرتنىڭ بىخەتەرلىكىدىن
بېرىلگەن سىگنال دەپ قاراپ، ئارقا - ئارقىدىن
ئۇۋىسىدىن چىقىپ، دېڭىزغا قاراپ ئۆمىلەشكە
باشلىدى.
بىز بەكلا دۆتلۈك قىلغانىدۇق. چۈنكى،
جاھان تېخى تولۇق قارايمىغان بۇنداق چاغدا
ئەتراپتىكى يىرتقۇچ قۇشلار كۆز ئالدىدىكى بۇ
قەدەر مول ئولجىنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتى.
دەرۋەقە، بىردەمدىلا ئاسماننى خۇشاللىقتىن
ئۆزىنى يوقاتقان فرېگات قۇشى، چايكا قاتارلىق
يىرتقۇچلار قاپلىدى. بىر جۈپ ئاق باش دېڭىز
بۈركۈتىمۇ ساھىلغا قوندى. توپ - توپ تۇردۇس
قۇشلىرى دېڭىزغا سىلجىۋاتقان «كەچلىك غى-
زا»لىرىغا جان - جەھلى بىلەن ئېتىلدى.
— ئاھ خۇدا! بىز نېمە ئىش قىلىپ قوي-
دۇق؟! — دېدى ئارقامدىكى بىرەيلەن.
دېڭىز تاشپاقىلىرىنى قىرغىن قىلىش
شىددەتلىك تەرزدە داۋاملاشتى. ياش ساياھەت
يېتەكچىمىز ئۆزىنىڭ «ياخشى كۆڭلى» سەۋەب-
لىك كۆرۈلگەن بۇ پاجىئەنى بالدۇرراق ئاياغلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن، دېڭىز تاشپاقىلىرىنى شىلەپ-
سىگە سېلىپ دېڭىزغا تاشلاشقا باشلىدى ھەم
شىلەپسىنى بار كۈچى بىلەن پۇلاڭلىتىپ، سەل
كەبى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان «جاللات»لارنى
قوغلىدى.
قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، ئاسماننى
«جاللات»لارنىڭ كەچلىك زىياپەتتىن كېيىنكى
قىيقاس - چۇقانلىرى قاپلىدى. ھېلىقى بىر
جۈپ ئاق باش دېڭىز بۈركۈتىمۇ سەپتىن چۈ-
شۈپ قالغان بىرەر تاشپاقىنى تۇتۇۋېلىش تەمە-
سىدە قاراپ تۇراتتى.
بىرئازدىن كېيىن ساھىل جىمىپ قالدى.
كۆپچىلىك باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئاستا
مېڭىشتى. ھېسسىياتچان بۇ كىشىلەر شۇ تاپتا
نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. مېنىڭچە بۇ
خىل سۇكۇناتتا بىمەھەل قوزغالغان ھاياجان ۋە
«زىيانلىق ياردەم»لەرگە بولغان ئۆكۈنۈش، پۇ-
شايمانلار يوشۇرۇنغانىدى.



# ئەنىنىڭ داچىسى نەگە كەتتى

چېن يىچۈەن
شىرئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

بۇ يىل 40 ياشقا كىرگەن ئەندى پاسكال رۇمىنىيەلىك سەييياھ يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئولت ناھىيەسىنىڭ سىرتىدىكى يول بويىدا بىر داچىسى بار ئىدى.

ئەندى دائىم فوتو ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ جاھان كەزگەچكە، ئۆيىدە تۇرىدىغان ۋاقتى بەكلا ئاز ئىدى. يېرىم يىل ئىلگىرى، ئەندى يەنە بىر قېتىم سەپەرگە چىقتى. لېكىن، ھەيران قالارلىق يېرى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، داچىسىنىڭ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىنى، داچا ئورنىدا قوناقلىق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى.

پولات ۋە ئەينەك ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنغان بۇ داچا ئەندىغا ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان بولۇپ، 1996 - يىلى سېلىنغانىدى. ئەندى تېخى بۇلتۇرلا داچىنى قايتىدىن بېزەتكۈزۈپ، نۇرغۇن يېڭى ئۆي جاھازلىرى ۋە ئېلېكتر سايمانلىرىنى سېتىۋالغانىدى. ھالبۇكى، ھازىر بۇ داچا مۇشۇنداقلا غايىب بولدى. ئەندى قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىلار ئالاقىدار يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، شۇ ئەتراپتىكى قاتناش تېلېكامېرالىرىنىڭ سىن خاتىرىسىنى تەكشۈردى ھەم تېزلا تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلارغا ئېرىشتى:

بىرەيلەن ئۆيدىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا، پەلەمپەينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سالاسۇننى مىدىرلىتىپ باقتى، ئاندىن زوڭزىيىپ قاراپ بېقىپ، يەنىلا كېتىپ قالدى. ئەندى بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ: «ئۇ مەن شۇ! مەن ئەينى ۋاقىتتىلا ئوڭ تەرەپتىكى سالاسۇننىڭ مىدىرلاپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدىم. لېكىن، ئۇنى زادى سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئوڭشىۋېتەيمۇ ياكى قايتىپ كېلىپ ئوڭشايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ، ئاخىرىدا شۇ پېتى تاشلاپ قويغانىدىم» دېدى.

ساقچىلار سىن خاتىرىسىنى داۋاملىق كۆردى. ئەندى كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، بىر مۇشۇك ئوڭ تەرەپتىكى سالاسۇنغا سەكرەپ چىقىشىغا، سالاسۇن ئۆرۈلۈپ كەتتى: ئالتىنچى كۈنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يېشىل رەڭلىك كىچىك يۈك ماشىنىسى داچا ئالدىدا توختىدى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپ كەتكەن ھېلىقى سالاسۇننى ماشىنىسىغا بېسىپ ئەكەتتى؛ سەككىزىنچى كۈنى قىزىل رەڭلىك بىر يۈك ماشىنىسى داچا ئالدىدا توختىدى. شوپۇر سول تەرەپتىكى سالاسۇنغا نەچچىنى تەپكەندىن كېيىن، ئۇ سالاسۇنمۇ ئۆرۈلدى ـ دە، شوپۇر ئۇنى ئەكەتتى؛ 10 ـ كۈنى بىرقانچەيلەن ئەندىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى تەشتەكنى ئەكەتتى؛ 12 ـ كۈنى بىر يۈك ماشىنىسى داچا ئالدىدا توختىدى. بىرقانچەيلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، داچىنىڭ تېمىدىكى ئەينەكلەرنى قومۇردى. يەنە تېخى بىر كىرئالغۇنىمۇ ئەكەتتى. يەنە شۇ كۈنى كەچتە، بىرەيلەن ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ، باشقا تاملاردىكى ئەينەكنى، ئىككى سافا ۋە بىر دانە تېلېۋىزورنى ئەكەتتى؛ 15 ـ كۈنى يەنە بىرقانچەيلەن ئۆي ئىچىدىن چىنىقىش ئۈسكۈنىسى، بىر كارىۋات ۋە بىر كومپيۇتېرنى ئەكەتتى؛ 16 ـ كۈنى چوڭ بىر يۈك ماشىنىسى كېلىپ، ئۆي ئىچىدىكى باشقا جاھازىلارنى ئەكەتتى، يەنە تېخى كېتىش ئالدىدا ئىشكاپتىكى كىيىملەرنى ئىشىك ئالدىغا دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا داچا بەئەينى بىر خارابىگىلا ئايلىنىپ قالغانىدى؛ 23 ـ كۈنى ئۈچ دانە چوڭ يۈك ماشىنىسى كېلىپ، داچىنىڭ پولات تۈۋرۈكلىرىنى ۋە باشقا ياغاچلارنى ئەكەتتى... شۇنداق قىلىپ، ئەندىنىڭ داچىسى پۈتۈنلەي يوقالدى! سىن خاتىرىسى 47 ـ كۈنگە كەلدى، بۇ چاغدا داچىنىڭ ئورنىدىكى يەرگە ياۋا ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەنىدى؛ 68 ـ كۈنى يەر ئاغدۇرۇش ماشىنىسى بۇ يەرنى ئېتىزغا ئايلاندۇردى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، ئېتىزدىكى قوناقلارمۇ پىشىپ كەتكەنىدى.

— ئەگەر ئۇ تەرەپتىكى سالاسۇننى ۋاقتىدا ئوڭشىۋەتكەن بولسام، بۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ كەتمەس ئىدى، — دېدى ئەندى سىن خاتىرىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ.

شۇنداق، كونىلاردا «كۆزگە ئىلىنمىغىلى پۈتقا چوماق» دەيدىغان گەپ بار. بۇ ھېكايىنى ئوقۇغىلى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھەر ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، «سالاسۇن»لار سەۋەبلىك «داچا»لاردىن قۇرۇق قالماسلىقىغا تىلەكداشمىز.

# پەرق

ئامېرىكىلىق بىر موماي ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان نەرسىلەر ئارىسىدىن بوۋىسى شىۋېتسارىيە بانكىسىغا ئامانەت قويغان 100 ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قولدا يېزىلغان ھۆججىتىنى تېپىۋاپتۇ ـ دە، دەرھال شۇ بانكىنىڭ ئامېرىكىدىكى شۆبىسى بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ. شۆبە بانكىدىكىلەر دەرھال باش بانكا بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ.

ئەتىسىلا باش بانكىنىڭ باشلىقى بۇ مومايىنى يوقلاپ ئۆيىگە كەپتۇ ھەم ئۇنىڭغا 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇلنى بېرىپ: «يەر شارى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بانكىمىزغا قويۇلغان پۇل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» دەپتۇ.

ئەگەر بۇ ئىش بىزنىڭ جۇڭگونىڭ بانكىلىرىدا يۈز بەرسە، بانكا خادىملىرى: «كەچۈرۈڭ، خانىم! بىزنىڭ بۇ جەھەتتە ئېنىق بەلگىلىمىمىز بار. بۇ پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم بوۋىڭىز ئۆزى كىملىكىنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك» دېيىشى مۇمكىن ئىدى.




سوتنىڭ ھۆكمى يالغۇز پەرزەنتلىرىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلغان بۇ ئىككى جۈپ بوۋاي - موماينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسىنى بەربات قىلدى. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ يالغۇز پەرزەنتلىرى — ياش ئەر - خوتۇن بۇلتۇر ماشىنا ھادىسىسىدە قازا قىلغانىدى.

ۋەقە يۈز بەرگەن شۇ كۈنى بۇ بىر جۈپ ياش بىر خۇش خەۋەرگە ئېرىشكەنىدى، يەنى بەش كۈندىن كېيىن ئايال سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ، تۆرەلمە (ئانىلىق تەن ئىچىدە دەسلەپكى قەدەمدە پەيدا بولغان جانلىق تەن، ئۇ تۇخۇم ئۇرۇق قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يېتىلىدۇ) كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرماقچىدى.

ئەپسۇس، ۋەقەدە ھاياتىدىن ئايرىلغان بۇ ياش ئەر - خوتۇن پەرزەنت قالدۇرماي كېتىپ قالدى. چوڭلارغا بىردىنبىر تەسەللى بېرەلەيدىغان نەرسە — دوختۇرخانىنىڭ توڭلىتىش ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقان ئاشۇ تۆرەلمە ئىدى.

— بۇ بىز چوڭلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى، — دېدى ئوغلىدىن ئايرىلغان ئاتا.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرى تالىشىۋاتقىنى پەرزەنتلىرىنىڭ «پۇشتى» ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاشۇ تۆرەلمىنى تالىشىپ سوتقا ئەرز قىلغانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى قانۇننىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، دۆلىتىمىزدە تۆرەلمىنىڭ ئادەم ياكى نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق ئۆلچەم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئانا ئۆلۈپ كەتكەچكە، توڭلىتىلغان تۆرەلمىنى چوقۇم باشقىلار ۋاكالىتەن تۇغۇشى كېرەك. بىراق مەملىكىتىمىز قانۇنىدا ۋاكالىتەن تۇغۇش ئېنىق چەكلەنگەن.

شۇڭا، جياڭسۇ ئۆلكىسى يىشىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى توڭلىتىلغان تۆرەلمىنىڭ ھامىيلىق ھوقۇقىنى تالىشىش دېلوسىغا: «ئىككىلا تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ تۆرەلمىگە ۋارىسلىق ھوقۇقى يوق» دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

تۆتەيلەن بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قايتتى. گەرچە ئۇلار قانۇندىن ھالقىپ ئۆتۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قېرىغاندا پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىش ئازابىغا تەسەللى تاپالماي، كۆز ياشلىرى توختىماي قۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئۇلار داۋاملىق ئەرز قىلىدىغانلىقىنى، سىياسەتنىڭ بىر كۈنلەردە ئۆزگىرىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى، بىر يىللىق ساقلاش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، دوختۇرخانا ھامىلىنى تاشلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ياشانغانلارغا نىسبەتەن ئەجەللىك زەربە بولۇشى ئېنىق، ئەلۋەتتە.

**بەخت**

ئايال : بەختلىك ئائىلىنىڭ زۆرۈر ئامىللىرى قايسىلار؟

ئەر : ئەر بىلەن ئايال.

ئايال : قۇرۇق گەپ!

ئەر: توغرا، يەنە قۇرۇق گەپمۇ بار.

uyghurkitap.com





## ساراڭ قوشنا

A: قارا ئاداش، قوشناڭدىن تەلىيىڭ كەلمىسە بىكاركەن، تۈنۈگۈن كېچە سائەت ئۈچتە ئاۋۇ قوشنام دېگەن ساراڭ ئىشىكىمنى چېكىپ، ئالتاغىل ۋارقىراپ يۈردى!

B: نېمە قىلغىنىكەن ئۇنىڭ؟ يېرىم كېچىدە ئارامىڭنى بۇزۇپ. ئىشىكنى ئېچىپ راسا تىللىساڭچۇ.

A: نېمىلا دېگەنبىلەن بىز قوشنا ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇ ساراڭ بىلەن بىلەن تەڭ بولماي، گىتارىمنى چېلىۋەردىم دېگىنە.

B: ...

## يەسلىدىكى جېدەل

يەسلىدە ئىككى ئوغۇل بالا سوقۇشۇپ قاپتۇ. توختىماي تىللىشىپمۇ ئاچچىقى ياناغان بىر شاكىچىك ئاخىر دادىسىنى شېپى كەلتۈرۈپتۇ:

— خەپ، ئۆيگە بېرىپ دادامغا دېمەيدىغان بولسام، ئۇ سېنىڭ داداڭنىڭ كاللىسىغا تازا ئۇرۇپ ئۆچۈمنى ئېلىپ بېرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىر بالا قاقاھلاپ كۈلگىنىچە:

— ھا ـ ھا ـ ھا! ئۇخلاپ چۈشۈڭ! ئاپام دېگەن، مېنىڭ دادامدا كاللا دېگەن نەرسە يوق، — دەپتۇ.

## تېپىشماق

كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان، لېكىن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بىر نەرسە بار، ئۇ نېمە؟

A: ھاۋا.

B: مۇھەببەت.

مەن: Wi-Fi ...

## ئوقۇش باشلانغاندا

ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلانغاندا سىنىپلاردا تۆۋەندىكىدەك سادالار ھەرگىز كەم بولمايدۇ...

— ماۋۇ سوئالنىمۇ ئىشلەمتۇق؟

— بۇنى ئىشلىمىسەكمۇ بولاتتىغۇ؟

— تاپشۇرۇق دەپتىرىم يۇرتتا قاپتۇ ئەمەسمۇ.

— تېزرەك كۆچۈرگىنە، ھېلى بىكار مەن كۆچۈرۈپ بولالماي قالىمەن.

— ماڭا ئىشىنىڭلار، مۇئەللىم چوقۇم تاپشۇرۇقنى تەكشۈرمەيدۇ.

— ماۋۇ نەچچىمىز تاپشۇرۇق دەپتىرىمىزنى بىر يەرگە قويمايلى جۇمۇ!

## كىم ئەقىللىق

بالا: دادا، سىنىڭچە دادا چوقۇم بالىسىدىن ئەقىللىق بولامدۇ؟

دادا: ئەلۋەتتە.

بالا: ئۇنداقتا، لامپۇچكىنى كىم ئىجاد قىلغان؟

دادا: ئېدىسون.

بالا: ئەمىسە، ئېدىسوننىڭ دادىسى نېمىشقا لامپۇچكىنى ئىجاد قىلالمىغان؟

دادا: ...

# ھەجۋىي رەسىم ئۇستىسى كونستانتىن سىيوسۇ ئەسەرلىرىدىن









www.uyghurkitap.com





# نېمىشقا گاڭگىرايدىغىنىڭىزنى بىلەمسىز

گۇك فېيگۇك

ئابلەت پولات تەرجىمىسى

بىرەيلەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان يازغۇچى ياڭ جياڭغا خەت يېزىپتۇ. خەتتە ئۇ ياڭ خانىمغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن، تۇرمۇشتا بەكلا گاڭگىراپ قالغانلىقىدىن، كۈنلىرىنىڭ بىھۇدە، مەقسەت - مۇددىئاسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دادلاپتۇ. ياڭ خانىم بۇ ئوقۇغۇچىغا جاۋاب خەت يېزىپتۇ ھەم خېتىدە ئۇنىڭ گاڭگىرىشىدىكى سەۋەبنى كۆرسىتىپ: «بۇ سىزنىڭ كىتابنى ئاز ئوقۇپ، خىيالنى بەك كۆپ قىلغانلىقىڭىزدىن بولغان» دەپتۇ.

ئەتراپىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، گاڭگىراپ قالغانلارنىڭ قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالايلى، ئۇلار بىر بولسا كۈنبويى دەرستىن قېچىپ ئويۇن ئوينايدۇ، يەنە بىر بولسا دەرسنى نەچچە مىنۇت ئاڭلا - ئاڭلىمايلا ئۇخلاشقا باشلايدۇ. ئاندىن بىكار قالسىلا: «چۈشتە نېمە يېسەم بولار؟ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى نېمىشقا پالانى ئالىدۇ؟ دىپلومنى ئالالارمەنمۇ؟ تۈزۈكرەك خىزمەت تاپالارمەنمۇ؟ كېيىنچە قانداق قىلارمەن؟» دېگەندەك ئايىغى چىقماس خىياللار قويىنىغا غەرق بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار خىياللا قىلىپ، ھەرىكەتكە ئۆتمەيدۇ. ئاخشاملىرى مۇزاكىرىگە قاتناشمايدۇ، كۇتۇپخانىغا بارمايدۇ. چۈنكى، ئىمتىھانغا ئاز قالغاندا جان - جەھلى بىلەن يادلىسىلا، ھەممە ئىمتىھانلاردىن دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتەلمىسىمۇ ھېچقىسى يوق. چۈنكى، تولۇقلىما ئىمتىھان، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەلمىسە ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدىكى ئىمتىھان دېگەندەك قاتمۇقات «پۇرسەت»لەر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ خىل گاڭگىراش، ئىسەنگىرەش ئىچىدە، قىممەتلىك ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ. نەتىجىدە، ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، بۇ خىل «جان باقتى» ئىستۇدىنتلار جەمئىيەتكە تۈركۈملەپ قەدەم قويىدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ مەكتەپ ھاياتىدا «كىتابنى تۈزۈك ئوقۇماي، خىيالنى كۆپ قىلغانلىقىدىن» دېسەك خاتالاشمايمىز.

ھازىر، نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم ياخشى خىزمەت تاپتى. لېكىن، ئۇلار پاراڭ ئارىلىقىدا، ئۆزلىرىنىڭ تېخىچە «گاڭگىراش»تىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىدىن دادلاشتى. مەن بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان 10 پارچىغا يېقىن كىتاب ئوقۇغانلىقىمنى ئېيتىپ، كىتابتىن ئالغان تەسىراتىمنى؛ جۈملىدىن، تۇرمۇش ھەققىدىكى يېڭى چۈشەنچىلىرىمنى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە قانداق تەتبىقلىغانلىقىمنى ئۇلار بىلەن ئورتاقلاشتىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىنقى نەچچە ئايدىن بۇيان

بىرەر پارچىمۇ كىتاب ئوقۇپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن «ھەرقايسىڭلارنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، كىتاب ئوقۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىڭلار ھەرقاچان؟» دېسەم، ئۇلار ھېچقانچە ئالدىراش ئەمەسلىكىنى، لېكىن ۋاقىتنى نېمە ئىشلارغا سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

كېيىن مەن ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىگە «سىز كىتابنى ئاز ئوقۇپ، خىيالنى كۆپ قىلامسىز؟» دەپ راي سىناش سوئالى چىقىرىۋىدىم، نۇرغۇن دوستلىرىم «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

خېلىدىن بېرى، «ما يۈن قاتارلىق داڭلىق كارخانىچىلار نېمىشقا توختىماي ياشلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئۈندەيدۇ؟ نېمىشقا ئاللىقانداق پۇرسەتلەر بىلەن تۇيۇقسىز بېيىپ كەتكەنلەرمۇ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن تۇرۇقلۇق، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلىدۇ؟ ئەجەبا، كىتاب ئوقۇش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ زۆرۈر شەرتىمۇ؟» دېگەندەك سوئاللار كاللامغا كىرىۋالغانىدى. ئۇزاق مەزگىللىك تەپەككۇر نەتىجىسىدە، مەن ئاخىر «كىتاب بىۋاستە بايلىق يارىتالمىسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى يۈكسەلدۈرۈپ، روھنى بېيىتىدىكەن. ئاندىن يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا رەۋىشتە ئادەمگە كۈچ ئاتا قىلىپ تۇرىدىكەن» دېگەن يەكۈننى چىقاردىم. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالساقمۇ، كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغانلار ئىچىدە جورلىرى بىلەن جېدەللىشىدىغان، ئاجرىشىپ كېتىدىغانلارنىڭ كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى بايقايمىز. مېنىڭچە، بۇمۇ كىتاب بىزگە ئاتا قىلغان كۆرۈنمەس بايلىقلارنىڭ شاراپىتى.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، كىتابتىن ئالغان ئەڭ زور ھوسۇل ئۆزۈمنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋالغىنىم بولدى. مەسىلەن، مەن ئامېرىكا يازغۇچىلىرىدىن جېيىن بۇركا بىلەن لېنورا يۈن يازغان «سۆرەلمىلىك پسىخولوگىيەسى» دېگەن كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزۈمدىكى سۆرەلمىلىكنىڭ يىلتىزىنى بايقىدىم ھەم بۇ جەھەتتىكى ناچار ئادەتلىرىمنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتىم؛ ئامېرىكىلىق يازغۇچى ۋان لۇنىڭ «كەڭ قورساقلىق» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇلارنى چۈشىنىشكە ئۇرۇندۇم؛ فىرانكىلىنىڭ «ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئىزدەش» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئادەمنىڭ خىلمۇخىل ئەرزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندىم... كىتابنى كۆپ ئوقۇغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئىلمىي يوسۇندا قوبۇل قىلىشنى، ئۇلار بىلەن كۆڭۈللۈك پىكىرلىشىشنى ئۆگەندىم.

بەزىلەر گاڭگىراشسىز ئۆتكەن ياشلىق ھەقىقىي ياشلىق ئەمەس دېيىشىدۇ. مەن بۇ گەپكە قوشۇلمايمەن. دەرۋەقە، ياشلىقتا گاڭگىراش كۆپ بولىدۇ، لېكىن ئۇ ياشلىقنىڭ زۆرۈر ئېلېمېنتى ئەمەس. گاڭگىراش روھىي قۇرغاقلىقتۇر، ئۇنىڭ ياشلىق بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى يوق. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قېرىپ جان ئۈزگۈچىمۇ گاڭگىراشتىن قۇتۇلالماسلىقى بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى.

خۇلاسىلىگەندە، كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭ خىيالنى كۆپ قىلىدىغانلىقى مۇرەسسە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. ئىنسانلار ئەزەلدىن «تەپەككۇر»غا ھېرىس، چۈنكى ئۇ ئادەمنى چارچاتمايدۇ. لېكىن، كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭ كاللىسىدا يېڭى ئۇچۇر، ئىدىيە دېگەنلەردىن ئەسەر بولمىغاچقا، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بىر نۇقتىدىن ھالقىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويلىغانسېرى چارچايدۇ، گاڭگىرايدۇ.

مانا بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى قىيناپ كېلىۋاتقان «ناچار خاراكتېرلىك ئايلىنىش»تۇر.

خوش، ئاخىرىدا سىزدىن سورايدىغىنىم، سىزمۇ كىتاب ئوقۇماي، خىيالنى كۆپ قىلىدىغانلاردىنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# چوقۇم يۇقىرى ئىقتىسادقا ئىگە بولۇشى كېرەكمۇ؟

# چوقۇم يۇكسەك غايىلىرىڭىز بولۇشى كېرەكمۇ؟

لىيۇ شا
لەتىپە ئابدۇغوپۇر تەرجىمىسى

جونسون ئەنگلىيەلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ بىر قورۇقى بار ئىدى. قورۇقتىكى باراڭدىن ئۈزۈلگەن ئۈزۈملەردىن شەربەت ياسىلاتتى. مەھسۇلات مىقدارى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، سىرتقا ئازدۇر - كۆپتۇر سېتىلاتتى. جونسونغا بۇ قورۇق ھېچقاچان ئۆزگىرىپ باقمىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ قورۇقنى ئۆزگەرتىش ئويى باردەك قىلمايتتى. جونسون دائىم ئۆزىنى كەلگۈسىدە دادىسىغا ئوخشاش ئۈزۈم شەربىتى ئىچكەچ، چۆپلۈكتە ئاپتاپسىنىپ ياتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن، جونسون بىر يۇقىراۋى مەكتەپنىڭ چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

بىر كۈنى جونسون دەرس ئۆتۈۋاتاتتى، تۇيۇقسىز دېرىزە تۈۋىدە بىرەيلەننىڭ سايىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. جونسون دەسلەپتە بۇ مەكتەپنىڭ ئىشچىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. بىراق، بۇ «سايە»نىڭ خېلىغىچە يوقىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، سىنچىلاپ قارىۋىدى، بىرەيلەننىڭ دېرىزە سىرتىدا تۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، نىمىلەرنىدۇر ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى؛ سىنىپتىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردى.

جونسون ئۇنىڭدىن:

— دېرىزە سىرتىدىكى ئاۋۇ ئايال سىزنى ئىزدەپ كەلگەنمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، سىنىپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

بۇ تۇيۇقسىز كۈلكىدىن تېڭىرقاپ قالغان جونسون ھېلىقى بالىنىڭ سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن تارتىپ ئەكەتكەنلىكىنى كۆردى.

كېيىن جونسون دېرىزە سىرتىدىكى ئۇ ئايالنىڭ بالىسىغا تۇرمۇش پۇلى ئەكەلگەنلىكىنى بىلدى ھەم شۇ ۋەقە سەۋەبلىك بۇ مەكتەپ توغرىسىدا نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدى.

بۇ بىر «ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپى» بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياخشى مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. يەنە كېلىپ چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلار بار بولغاچقا، يىللىق ئوقۇش ھەققى 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. بۇ نۇرغۇن جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ



يىللىق كىرىمگە باراۋەر ئىدى. بىراق، ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، بۇ مەكتەپكە كىرىشكە ئىلتىماس قىلدىغانلار بەك كۆپ، رىقابەت پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولاتتى. بەزىلەر ھەتتا قەرز ئېلىپ بالىلىرىنى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتاتتى.

ساۋقداشلىرى مازاق قىلغان ھېلىقى ئوغۇل بالا يېزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا، تۇرمۇش پۇلى يېتىشمەيتتى. ئاپىسى تاپقان پۇلنى مەكتەپكە ئۇدۇللۇق ئەكىلىپ بېرەتتى. بۇ ئەمدىلا قولىغا تەگكەن مائاشمۇ ياكى قەرز ئالغان پۇلمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەيدىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا يەنە بالىلىرىنى مۇشۇنداق يۇقىرى ھەقلىق مەكتەپتە ئوقۇتىدىغانلىقى جونسوننىڭ كاللىسىدىن پەقەت ئۆتمەيتتى.

كېيىن جونسون ھېلىقى بالا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى. ئۇ بالا:

— مۇئەللىم، گەرچە مەن ھازىر نامرات بولسامۇ، لېكىن مېنىڭ نۇرغۇن ئارزۇلىرىم بار. مەن چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتۈپ، كەلگۈسىدە شىركەت ئېچىپ جىق پۇل تېپىپ، مېنى زاڭلىق قىلغان ئاشۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى.

كۆز ئالدىدىكى بۇ «يوكسەك غايىلىك بالا» جونسوننى ھەيران قالدۇردى.

جونسون باشقا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ پىكىرلەشتى. ئۇ بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆپ پۇل تېپىش، جەمەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش، چىرايلىق خوتۇن ئېلىش، ھەشەمەتلىك ماشىنلارنى ھەيدەشتىن ئىبارەت «يوكسەك» غايىلىرى بارلىقىنى بايقىدى — دە، ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان قورۇقتىكى چىملىقتا ئاپتاپسىنىپ يېتىش ئارزۇسىنى ناھايىتى «پۇچەك»تەك ھېس قىلدى.

شۇنداق، جۇڭگولۇق بالىلارنىڭ «يوكسەك» غايىلىرى جونسوننى چۆچۈتۈۋەتتى. چۈنكى، ئاتا - ئانىسى ھېچقاچان ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولىسەن دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ باقمىغانىدى، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان قورۇقنى كېڭەيتىش، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش دېگەنلەرنى ئەسلا ئويلىمايتتى. شۇڭا جونسون كىچىكىدىنلا ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش، قورۇقتا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنىلا ئويلايتتى.

جۇڭگو بالىلىرىدىكى بۇ قەدەر «يوكسەك» غايە جونسونغا مەدەنىيەتتىكى زور پەرقنى ھېس قىلدۇردى. جونسون كىمنىڭ توغرا كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىسىمۇ، بىراق ئۇ كىچىكىدىن قوبۇل قىلغان تەربىيە ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭمۇ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭمۇ جۇڭگودىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

شۇڭا، جونسون سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا قايتا - قايتىلاپ «يوكسەك غايىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماڭلار!» دەيتتى.

مۇۋەپپەقىيەت = «1% تالانت» + «99% يانفوندىن يىراق تۇرۇش»

— مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تېئورېمىسى

ئۆيىڭىزنىڭ قەيەردە بولۇشىدىن بەكرەك قوشنىڭىز كىم ئىكەنلىكى مۇھىم.

— ياپونىيەدىكى مەلۇم بىر ئۆي - مۈلۈك شىركىتىنىڭ ئېلانى

www.uyghurkitap.com



# چوقۇم يۇكسەك غايىلىرىڭىز بولۇشى كېرەكمۇ؟

لىيۇ شا
لەتىپە ئابدۇغۇپۇر تەرجىمىسى

جونسون ئەنگلىيەلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ بىر قورۇقى بار ئىدى. قورۇقتىكى باراڭدىن ئۈزۈلگەن ئۈزۈملەردىن شەربەت ياسىلاتتى. مەھسۇلات مىقدارى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، سىرتقا ئازدۇر – كۆپتۇر سېتىلاتتى. جونسونغا بۇ قورۇق ھېچقاچان ئۆزگىرىپ باقمىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئاتا – ئانىسىنىڭمۇ قورۇقنى ئۆزگەرتىش ئويى باردەك قىلمايتتى. جونسون دائىم ئۆزىنى كەلگۈسىدە دادىسىغا ئوخشاش ئۈزۈم شەربىتى ئىچكەچ، چۆپلۈكتە ئاپتاپسىنىپ ياتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن، جونسون بىر يۇقراۋى مەكتەپنىڭ چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

بىر كۈنى جونسون دەرس ئۆتۈۋاتاتتى، تۇيۇقسىز دېرىزە تۈۋىدە بىرەيلەننىڭ سايىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. جونسون دەسلەپتە بۇ مەكتەپنىڭ ئىشچىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. بىراق، بۇ «سايە»نىڭ خېلىغىچە يوقىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، سىنچىلاپ قارىۋىدى، بىرەيلەننىڭ دېرىزە سىرتىدا تۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، نېمىلەرنىدۇر ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى؛ سىنىپتىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردى.

جونسون ئۇنىڭدىن:

— دېرىزە سىرتىدىكى ئاۋۇ ئايال سىزنى ئىزدەپ كەلگەنمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، سىنىپتىكىلەر پاراقىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

بۇ تۇيۇقسىز كۈلكىدىن تېڭىرقاپ قالغان جونسون ھېلىقى بالىنىڭ سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن تارتىپ ئەكەتكەنلىكىنى كۆردى.

كېيىن جونسون دېرىزە سىرتىدىكى ئۇ ئايالنىڭ بالىسىغا تۇرمۇش پۇلى ئەكەلگەنلىكىنى بىلدى ھەم شۇ ۋەقە سەۋەبلىك بۇ مەكتەپ توغرىسىدا نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدى.

بۇ بىر «ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپى» بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياخشى مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. يەنە كېلىپ چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلار بار بولغاچقا، يىللىق ئوقۇش ھەققى 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. بۇ نۇرغۇن جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ



يىللىق كىرىمگە باراۋەر ئىدى. بىراق، ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، بۇ مەكتەپكە كىرىشكە ئىلتىماس قىلىدىغانلار بەك كۆپ، رىقابەت پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولاتتى. بەزىلەر ھەتتا قەرز ئېلىپ بالىلىرىنى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتاتتى.

ساۋقداشلىرى مازاق قىلغان ھېلىقى ئوغۇل بالا يېزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا، تۇرمۇش پۇلى يېتىشمەيتتى. ئاپىسى تاپقان پۇلنى مەكتەپكە ئۇدۇللۇق ئەكېلىپ بېرەتتى. بۇ ئەمدىلا قولىغا تەگكەن مائاشمۇ ياكى قەرز ئالغان پۇلمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەيدىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا يەنە بالىلىرىنى مۇشۇنداق يۇقىرى ھەقلىق مەكتەپتە ئوقۇتىدىغانلىقى جونسوننىڭ كاللىسىدىن پەقەت ئۆتمەيتتى.

كېيىن جونسون ھېلىقى بالا بىلەن پاراڭ- لىشىپ قالدى. ئۇ بالا:

— مۇئەللىم، گەرچە مەن ھازىر نامرات بولسامۇ، لېكىن مېنىڭ نۇرغۇن ئارزۇلىرىم بار. مەن چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتۈپ، كەلگۈسىدە شىركەت ئېچىپ جىق پۇل تېپىپ، مېنى زاڭلىق قىلغان ئاشۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى.

كۆز ئالدىدىكى بۇ «يۇكسەك غايىلىك بالا» جونسوننى ھەيران قالدۇردى.

جونسون باشقا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ پىكىرلەشتى. ئۇ بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆپ پۇل تېپىش، جەمەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش، چىرايلىق خوتۇن ئېلىش، ھەشەمەتلىك ماشىنىلارنى ھەيدەشتىن ئىبارەت «يۇكسەك» غايىلىرى بارلىقىنى بايقىدى — دە، ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان قورۇقتىكى چىملىقتا ئاپتاپسىنىپ يېتىش ئارزۇسىنى ناھايىتى «پۇچەك»تەك ھېس قىلدى.

شۇنداق، جوڭگولۇق بالىلارنىڭ «يۇكسەك» غايىلىرى جونسوننى چۆچۈتۈۋەتتى. چۈنكى، ئاتا - ئانىسى ھېچقاچان ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولىسەن دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ باقمىغانىدى، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان قورۇقنى كېڭەيتىش، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش دېگەنلەرنى ئەسلا ئويلىمايتتى. شۇڭا جونسون كىچىكىدىنلا ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش، قورۇقتا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنىلا ئويلايتتى.

جوڭگو بالىلىرىدىكى بۇ قەدەر «يۇكسەك» غايە جونسونغا مەدەنىيەتتىكى زور پەرقنى ھېس قىلدۇردى. جونسون كىمنىڭ توغرا كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىسىمۇ، بىراق ئۇ كىچىكىدىن قوبۇل قىلغان تەربىيە ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭمۇ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭمۇ جوڭگودىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

شۇڭا، جونسون سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا قايتا - قايتىلاپ «يۇكسەك غايىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماڭلار!» دەيتتى.

مۇۋەپپەقىيەت = «1% تالانت» + «99% يانفوندىن يىراق تۇرۇش»

— مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تېئورېمىسى

ئۆيىڭىزنىڭ قەيەردە بولۇشىدىن بەكرەك قوشنىڭىز كىم ئىكەنلىكى مۇھىم.

— ياپونىيەدىكى مەلۇم بىر ئۆي - مۈ- لۈك شىركىتىنىڭ ئېلانى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# كەمسۆزلەر سەرخىللاردۇر

سىنكس

شىرئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

يېقىندا قىزىقارلىق بىر تەتقىقات توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىنى ئوقۇپ، ئۇزاقتىن بېرى كاللامدا ساقلىنىپ كەلگەن چىگىچلەر يېشىلگەندەك بولدى.

مەن ئالاقە سورۇنلىرىدا دائىم مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتىمەن.

نىسبەتەن ياشراقلار باشقىلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئىسىم كارتىسىنى بېرىپ بولۇپلا، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ھەر خىل چوڭ تېمىلاردا سۆزلەشكە باشلايدۇ.

ياشقا چوڭراقلار (كۆپىنچە ھاللاردا باشقۇرغۇچى، دىرېكتور دېگەندەكلەر) باشقىلار بىلەن ئىسىم كارتىسىنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چوڭقۇرلاپ پىكىرلىشىشكە ئالدىراپ كەتمەي، قىسقىلا سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ.

يەنە كېلىپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چوڭلار ياشلاردىن ئاز ھەم ئاستا سۆزلەيدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل ئەھۋالغا: «چوڭلارنىڭ ئىنكاسى ئاستا» دەپ تەبىر بېرىشىدۇ.

لېكىن، يۇقىرىقى ھۆكۈم تامامەن خاتا!

گېرمانىيەدىكى بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسى يېقىندا «Topics in Cognitive Science» (بىلىش ئىلمى ھەققىدە) دېگەن ئىلمىي ژۇرنالدا مۇنداق بىر قىزىقارلىق تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى: تەتقىقاتچىلار كومپيۇتېر ئارقىلىق ئادەمنىڭ ياشلىقتىن قېرىغۇچە بولغان خاتىرىسى، تەجرىبىسى قاتارلىقلارنى تەقلىد قىلىپ، «ياش ـ قېرىلىق ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش، ھېسابلاش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ» دېگەن يەكۈنگە ئېرىشكەن. يەنى، ئۇلار ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئادەمنىڭ تەپەككۇر سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتمەيدۇ، دەپ قارىغان.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن چوڭلارنىڭ گەپ قىلىشى ۋە ئىنكاسى قارىماققا ئاستىدەك كۆرۈنىدۇ؟

ئالىملار بۇ «ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىكى ئۇچۇرنىڭ بەكلا كۆپ ئىكەنلىكىدىن» دەپ قاراشقان.

يەنى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى پەۋقۇلئاددە كۆپ ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇزاق ۋاقىت كەتكەچكە، ئۇلار باشقىلارغا ئىنكاسى ئاستىدەك تەسىر بېرىدىكەن.

مەسىلەن، دىرېكتورلارنى مىسالغا ئالايلى. تەجرىبىلىك دىرېكتورلارنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇن ئادەمنىڭ «تەرجىمىھالى» قاچىلانغان بولىدۇ. شۇڭا،

## بىر تامچە قان جىنايەت گۇماندارىنىڭ تەق - تۇرقىنى «تەسۋىر»لەپ بېرەلەيدۇ

ئەنگلىيە تاراتقۇلىرىنىڭ يېقىنقى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ساقچىلار ئەڭ يېڭى DNA پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئازراق قان ئىزىغا ئاساسلىنىپلا، جىنايەت گۇماندارىنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدىكەن. مەسىلەن، قارا تەنلىك ياكى ئاق تەنلىك ئىكەنلىكى، كۆزى ۋە چېچىنىڭ رەڭگى، يۈز شەكلى، بوي ئېگىزلىكى، ياش قۇرامى، چېچىنىڭ چۈشۈپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكى قاتارلىقلارنى بىلەلەيدىكەن. بۇلتۇر لوندون ساقچى تارماقلىرى قىسمەن جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا مەزكۇر تېخنىكىنى ئىشلىتىپ، DNA ئەۋرىشكىسى ئارقىلىق جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرقلەندۈرگەندە توغرىلىق نىسبىتى %85 كە يەتكەن.

## ئۇدۇل كەلگەن يەرگە كىچىك تەرەت قىلىدىغانلارنى «ئەدەپ»لەيدىغان يېڭى سىر

گېرمانىيەنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدىكى سانت پاۋلى رايونىغا مەزكۇر شەھەردىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى مەركەزلەشكەن بولۇپ، ھەر يىلى 20 مىليوندىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالىدۇ. لېكىن، ئۇزۇندىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلمەس بۇ ساياھەتچىلەر، ئۇدۇل كەلگەن يەرلەرگە كىچىك تەرەت قىلىپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەر ۋە تىجارەتچىلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپ كەلگەنىدى. ھازىر سانت پاۋل سودىگەرلىرى ئۇيۇشمىسى بۇ خىل ئىللەتكە زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. يەنى، ئۇلار شۇ جايدىكى تاملارغا «دەرىجىدىن تاشقىرى قۇرغاق» (Ultra-Ever Dry) دېيىلىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى سۇسىز نامو سىرنى سۈۋىدى. بۇ خىل سىرنى دەسلەپتە ياپونىيە نىسسان (NISSAN) ئاپتوموبىل شىركىتى تەتقىق قىلىپ چىققان. سۈيدۈك (ياكى قۇسۇق) قاتارلىق سۇ-

ئۇلار بىرەيلەن بىلەن يېڭى تونۇشقاندا، «بۇ كىم؟ ئۇ قايسى شىركەتنىڭ ئادىمى؟ ئۇنىڭ نېمە تەلىپى بار؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ چىقىدۇ - دە، باشقىلارغا ئانچە قىزغىن ئەمەستەك، ھەتتا «مىس - مىس» تەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ.

ھالبۇكى، ياشلار باشقىلار بىلەن تونۇشقاندا، ئالدى - كەينىنى ئويلىشىپ ئولتۇرمايلا «مۇناسىۋەت ئورنىتىش»قا باشلايدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل «چاققانلىق» ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى ئۇچۇرنىڭ كەمچىللىكىدىندۇر. ئۇچۇر، تەجرىبە كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار بۇ ئىشلارغا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىلگىرى بىر مويسىپىت ماڭا: «سۆزلەشكە ھېرىسمەنلەر كاللىسىنى ئىشلەتمەيدۇ؛ كاللا ئىشلىتىشكە ھېرىسمەنلەر ئارتۇق سۆزلىمەيدۇ» دېگەنىدى.

شۇڭا، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە تەكلىپىم شۇكى، ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ئىنكاسى ئەڭ تېز، ئەڭ ناتىقلارغا ئەمەس، كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان، كەم سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ. چۈنكى، ئاشۇنداقلار ئەڭ تەجرىبىلىك، ئەڭ سەرخىللاردىن بولۇشى، سىزگە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتەلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، ئۆزىڭىزمۇ ھەم ئاشۇنداق كەمسۆزلەردىن، جۈملىدىن سەرخىللاردىن بولۇشقا تىرىشىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇقلۇقلار بۇ خىل سىردا سىرلانغان تامغا تەگكەن ھامان دەرھال كەينىگە قاڭقىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە كىچىك تەرەت قىلغان ياكى قۇسقانلارنى بەدەل تۆلىتىدۇ.

## يۈرىكى ئاجىزلار ئەڭ ياخشىسى سەھەردە يۈگۈرمەسلىكى كېرەك

بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، سەھەردە يۈگۈرۈش يۈرەككە ئېغىر بېسىم ئېلىپ كېلىدىكەن. چۈنكى، سەھەردە يۈرەك ھەرىكەت ھالىتىگە تولۇق ماسلىشىپ بولالمايدىكەن. ئاستا يۈگۈردى دېگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئادەم بەدىنىدىن زور مىقداردا ھورمون ئاجرىلىپ چىقىدىغان بولغاچقا، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىدىكەن.

سەھەردە ئاستا يۈگۈرگەندە، بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمۇنى (ئادرېنالىن) نىڭ ئاجرىلىش مىقدارى چۈشتىن كېيىن ياكى كەچقۇرۇندىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن تۆت ھەسسىگىچە يۇقىرى بولىدىكەن. مۇتەخەسسىسلەر سەھەردە ئاستا يۈگۈرگەندە قان ئۇيۇشۇۋېلىشى، شۇنداقلا يۈرەك زەئىپلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، كەچتە يۈگۈرگەندە قاننىڭ ئۇيۇشۇۋېلىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈرەك زەئىپ-لىشىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

## ئۆيدىكى چىراغنىڭ زىيادە يورۇق بولۇشى سېمىزلىكنى، ئىككى تىپلىق دىيابېتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆي ئىچىدىكى چىراغلارنىڭ زىيادە يورۇق بولۇشى ئۇيقۇغا ۋە ھورمون سەۋىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، سېمىزلىك، ئىككى تىپلىق دىيابېت قاتارلىق كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن، ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرى كىشىلەرگە يورۇقلۇق دەرىجىسىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان چىراغلارنى ئىشلىتىپ، كەچتە چىراغنى سۇسراق تەڭشەشنى تەۋسىيە قىلىشماقتا. ئەگەر ئۆيىڭىزنىڭ يېنىدىلا يول چىراغلىرى بولسا، ھۇجرىڭىزنىڭ دېرىزىسىگە قېلىنراق پەردە تارتىپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ. ئۆيىڭىزنىڭ تاملىرى قىزىل ياكى ئاپېلسىن رەڭگىدە بولسا تېخىمۇ دىققەت قىلىڭ. چۈنكى، بۇ رەڭلەر سىزنى تاماقنى تېز يېيىشكە ئۈندەپ، بېسىمىڭىزنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا تېرىڭىزنى قىچىشقاق قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

### ئەقىللىك بالا

بىر ئايال ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن دوستىغا ئوغلىنى ماختاپ: «بالام تېخى يەسلىدە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ئائىلىدىكى ھەممەيلەننىڭ مۈچىلىنى دەپ بېرەلەيدۇ» دەپتۇ ھەم سۆزىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم، مېنىڭ مۈچىلىم نېمە؟

— قوي.

— داداڭنىڭچۇ؟

— ھىم، توخۇ.

— بارىكاللا، ئەقىللىك بالام! بوۋاڭنىڭچۇ؟

بالا بىرھازا ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپتۇ.

ئاپىسى دەرھال بالىسىنىڭ ئويۇنچۇق ئېتىنى كۆرسىتىپ:

— ياخشى ئويلا، قوزام، ئۇ نەرسە مۇشۇ ئۆيىمىزدىلا بار، مىنگىلى بولىدۇ، — دەپتىكەن، بالىسى دەرھال:

— ھە، تاپتىم! ۋېلسىپىت، — دەپ ۋارقىراپتۇ.




سەھەر ئورنىدىن تۇرۇش زامانىمىز كىشىلىرىگە نىسبەتەن «قاباھەتلىك» ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر سەھەر تۇرغاندىكى ھېسسىياتنى ئۇنتۇپ كەتكىلىمۇ نە ۋاق. ھالبۇكى، سەھەر تۇرۇشنىڭ سالامەتلىكنى ۋە كەيپىياتنى ياخشىلاش دېگەندەك نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلىرى بار. شۇ ۋەجىدىن، بىز تۆۋەندە سەھەر تۇرۇشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، كەچ يېتىپ كېيىن قوپىدىغانلارنى قايىل قىلماقچىمىز.

**1. تېخىمۇ ياخشى نەتىجە قازىنالايدۇ.**

تېكساس ئىشتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2008 - يىلىدىكى بىر تۈرلۈك تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى «سەھەرچى»لەرنىڭ نەتىجىسى كېچىسى جانلىنىپ كېتىدىغان «تۈنچى»لەرنىڭكىگە قارىغاندا ياخشى بولىدىكەن. ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىمۇ، سەھەرچىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى سەھەر تۇرمايدىغانلارنىڭكىدىن بەكلا يۇقىرى ئىكەن.

**2. تەشەببۇسكار كېلىدۇ.**

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىيولوگى كىرىستوف لەندلېر بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتىدا سەھەر تۇرىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشتا تېخىمۇ تەشەببۇسكار كېلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. چۈنكى، سەھەر تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ زور نىشانى بار بولۇپ، ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدىكەن.

**3. ئالدىن كۆرەر كېلىدۇ.**

لەندلېر تەتقىقات دوكلاتىدا يەنە سەھەرچىلەرنىڭ ئىشلارنى قىياس قىلىشقا ئىنتايىن ماھىر كېلىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ سودا ساھەسىدە بەكلا ئەسقاتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

**4. پىلانلىق بولىدۇ**

سەھەر تۇرىدىغانلارنىڭ كاللىسى سەگەك بولۇپ، ۋاقىت، نىشان ئۇقۇمى ناھايىتى كۈچلۈك كېلىدۇ.

### 5. چېنىقىشقا ۋاقىت ئاجرىتالايدۇ.

سودا ساھەسىدىكى ئوتتۇز قازانغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەكلا سەھەر ئورنىدىن تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن چېنىقىدۇ. بۇ خىل ياخشى ئادەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، تېنى ساغلام بولىدۇ.

### 6. ئۇيقۇسى ياخشى بولىدۇ

ئۇيقۇشۇناسلار بىردەك بالدۇر يېتىپ سەھەر تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغاندا، ئۇيقۇنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

### 7. تېخىمۇ ئۈمىدۋار كېلىدۇ

نۇرغۇن تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، «سەھەرچى»لەرنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ جۇشقۇن ھەم ئۈمىدۋار كېلىدۇ. ئەكسىچە، «تۈنچى»لەر ئاسانلا چۈشكۈنلىشىپ، سەزگۈرلىشىپ كېتىدۇ، ۋەھاكازالار.

### 8. تېخىمۇ راۋان قاتناشتىن بەھرىلىنەلەيدۇ

مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلارنىڭ سەھەردىكى قاتنىشى ئىنتايىن راۋان بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتلاردا يول يۈرۈش ئادەمگە ئازادىلىك بېغىشلايدۇ.

### 9. خىزمەتكە پۇختا تەييارلىق قىلالايدۇ

ئىشخانىغا بالدۇر كەلگەنلەر رەسمىي خىزمەت باشلاشتىن بۇرۇن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە رەتكە تىزالالايدۇ ـ دە، شۇ كۈنلۈك ئىش ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ.

### 10. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدۇ

تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، سەھەر تۇرۇپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ناشتا قىلىش ئۇلار بىلەن ئالدىراشلا خوشلاشقانغا قارىغاندا، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەن.

---

### يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق سائەت

ئايرودرومدا بىرسىنى ساقلاۋاتقان ماك تاقەتسىزلىنىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتتىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

يوغان ئىككى چامادانىنى كۆتۈرۈۋالغان، قولىغا غەلىتىلا بىر سائەت تاقىۋالغان يىگىت مەغرۇر بىر قىياپەتتە:

— ئەپەندى، سىزگە قايسى دۆلەتنىڭ ۋاقتى لازىمكىن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— نېمە؟ سىزنىڭ بۇ سائىتىڭىز قانچە دۆلەتنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟

— دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

— ۋاھ! نېمانچە قالتىس.

— بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس. بۇ سائەتتە يەنە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى، فاكس ۋە ئېلېكترونلۇق يوللانما يوللاش ئىقتىدارى بار. ئۇ ھەتتا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالايدۇ.

— راستلا قالتىسكەن. سائىتىڭىزنى ماڭا سېتىپ بېرەلەرسىزمۇ، ئەپەندى، قانچە پۇل ئالسىڭىز مەيلى.

— ھىم، مەنمۇ بۇ سائەتتىن زېرىكىپ تۇراتتىم. ئەگەر راستلا سېتىۋالغۇڭىز بولسا... 900 دوللارغا بېرەي، قانداق؟

ماك دەرھال 900 دوللار قىممىتىدىكى چەكتىن بىرنى يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت چەكنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، سائەتنى ماكقا تەڭلەپ، تەمكىنلىك بىلەن:

— مەڭ. مانا بۇ سىزنىڭ «يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق» سائىتىڭىز. مۇنۇ ئىككى چامادانىدىكىسى ئۇنىڭ باتارېيەسى، ـ دەپتۇ

# ئەگەر دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئوخشاش باي بولسا

بېي موخەن
گۈلباھار قۇربان تەرجىمىسى

ئەگەر پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ بايلىقى قايتىدىن تەقسىملەنسە، قانداق ئەھۋاللار كۆرۈلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

**يەر شارىدىكى ھەربىر قۇرامىغا يەتكەن ئادەم 56 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق بايلىققا ئىگە بولىدۇ**

2014 - يىلىدىكى بايلىق قىممىتىنى ھېسابلاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا پۈتۈن دۇنيادىكى بايلىقنى تەڭ بۆلگەندە، ھەربىر قۇرامىغا يەتكەن ئادەم 35197 ئامېرىكا دوللىرىلىق پۇل مۇئامىلە كاپىتالى، 900 ئامېرىكا دوللىرى نەق پۇل ۋە 13000 ئامېرىكا دوللىرىلىق پاي چېكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 56016 ئامېرىكا دوللىرىلىق بايلىققا ئېرىشىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەربىر ئادەم يەنە ئۆي - مۈلۈك، ماشىنا، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 30076 ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى شەكىللىك مۈلۈككە ئېرىشىدىكەن.

بايلىقنى تەڭ تەقسىملەش قەرزنىمۇ تەڭ بۆلۈشۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، يەر شارىدىكى ھەربىر قۇرامىغا يەتكەن ئادەمگە 9257 ئامېرىكا دوللىرى قەرز يۈكلىنىدىكەن. ئەگەر دۆلەت قەرزى (زايوم) مۇ قوشۇپ ھېسابلانسا ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان قەرز 11000 ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆرلەيدىكەن.

**دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ئائىلە ھىندىستاندا بارلىققا كېلىشى مۇمكىن**

دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئائىلە ھىندىستاننىڭ مىزورام ئۆلكىسىدە بولۇپ، 67 ياشلىق زىيونا چانا مەزھىپى (ھىندىستاندىكى خىرىستىيان دىنى مەزھىپى)نىڭ رەھبىرى بولۇپ، مەزكۇر مەزھەپتە بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ 39 خوتۇنى، 94 پەرزەنتى، 14 كېلىنى ۋە 33 نەۋرىسى بار بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ جەمئىي 181 ئەزاسى بار ئىكەن. يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ھېسابلىغاندا بۇ ئائىلە 2 مىليون 240 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق بايلىققا ئېرىشىپ، بايلىق قايتا تەقسىملەنگەندىن كېيىنكى دۇنيادىكى ئەڭ باي ئائىلىگە ئايلىنىدىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ قەرزىمۇ 370 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قەرزدار بولۇپ قالىدىكەن. ئەگەر بۇ ئائىلىدىكى ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىزمىتى بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ھەر يىلى بۇ ئائىلە 840 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كىرىم قىلىدىكەن.

**ئەڭ باي، ئەڭ نامرات دۆلەتلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى**

ھازىر شۋېتسارىيەدە ھەربىر قۇرامىغا



# گۆشسىز غىزالىنىش راستلا پايدىلىقمۇ

فاڭ فاڭ

رۇخسارى ئەكبەر تەرجىمىسى

تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى قورساق تويدۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان كىشىلەر ئىلمىي ئوزۇقلىنىشنى تەشەببۇس قىلىشىدىغان بولدى. بەزىلەر كالا گۆشى، سۈت، تۇخۇم دېگەندەك يۇقىرى ئاقسىللىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش كېرەك دېسە، بەزىلەر گۆشسىز غىزالىنىش (گراخامىزم)نى تەرغىب قىلىشتى. شۇنداقلا، هايۋانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، تەبىئەتنى قوغداش دېگەندەك تۈرلۈك - تۈمەن خىل تەرغىباتلار تەسىرىدە، گۆشسىز غىزالىنىش بىر خىل ئېقىمغا، ئالىيجانابلىقنىڭ، ئىلمىيلىكنىڭ بەلگىسىگە ئايلاندى.

خوش، ئۇنداقتا خېلىدىن بېرى تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلى بەدەنگە راستلا پايدىلىقمىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، ساغلام يېمەكلىكلەردىكى خىلمۇخىل مىكرو ئېلېمېنتلار ئادەم بەدىنى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەرقانداق بىرىنىڭ كەم بولۇشى ئادەم بەدىنىگە خەتەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭدەك، ئۇزاق مەزگىل گۆشسىز غىزالانغاندا، ئادەم بەدىنىدىكى ۋىتامىن $B_{12}$، كالتسىي، تۆمۈر، سىنك قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار ئازىيىپ، ئادەم بەدىنىگە نۇرغۇن سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە، شۇلارنىڭ ئىچىدە گەۋدىلىك بىرقانچىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

**1. تۇغماسلىققا سەۋەب بولىدۇ.**

گۆشسىز غىزالىنىش مودىغا ئايلانغان يەتكەن ئادەمگە ئوتتۇرا هېساب بىلەن تەخمىنەن 581 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ساپ مۇلۇك توغرا كېلىدۇ. بۇ سانىنى شۋېتسارىيە فرانكى بىلەن ئامېرىكا دوللىرى ئارىسىدىكى زور پەرىۋوت نىسبىتىنىڭ مەهسۇلى دېگەن تەقدىردىمۇ، شۋېتسارىيەلىكلەرنىڭ هەقىقەتەن باي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارمۇ «بايلىقنى قايتا تەقسىملەش»



هەرىكىتىگە قوشۇلسا، بايلىقى بۇرۇنقىدىن 90% ئازىيىپ كېتىدۇ.

بايلىقنى تەڭ تەقسىملەشتىن ئەڭ كۆپ پايدىغا ئېرىشىدىغىنى ئافرىقا قىتئەسىدىكى مالاۋى جۇمهۇرىيىتى. بۇ دۆلەتتىكىلەرنىڭ هازىرقى ئوتتۇرىچە كىرىمى 176 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بايلىقنى تەڭ بۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بايلىق كۆرسەتكۈچى بىراقلا 32000 ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆرلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، نىسبەتەن سېمىزرەك ئاياللار ھەتتا گۆشسىز غىزالىنىش ئارقىلىق ئورۇقلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. گۆشسىز تاماق، كۆكتات، مېۋە - چېۋە قاتارلىق تالالىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئورۇقلاشقا پايدىسى بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن، تېببىي تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئاياللار ئۇزۇن مەزگىل گۆشسىز غىزالىنىۋەرسە، بەدىنىنىڭ ھورمون ئاجرىتىپ چىقىرىشى بىنورماللىشىپ، ئېغىر بولغاندا تۇغماس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

مۇتەخەسسىسلەر يەنە ئاياللار تۇغۇش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالماي دېسە، ئەڭ ياخشىسى گۆش يېمەي ئورۇقلاش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. بولۇپمۇ 30 ياشتىن ئاشقان ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارى ئەسلىدىلا ئاجىزراق بولغاچقا، ئۇلار بۇ ئىشتا تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىشى كېرەك، دېيىشتى.

### 2. قان بېسىمنى تىزگىنلەشكە پايدىسىز

قان بېسىمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ: «گۆش يېسەم بولمايدۇ» دېگىنىنى كۆپ ئاڭلايمىز. ئۇلار ئادەتتە گۆشتىن قەتئىي پەرھىز تۇتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سالامەتلىككە زىيانلىق بولۇپلا قالماي، قان بېسىمنى تىزگىنلەشكىمۇ پايدىسىز.

گۆش ۋە تۇخۇم تۇرىدىكى يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىش قان تومۇرنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق. ھايۋانات ئاقسىلى ۋە مايلىرىدىن قەتئىي چەكلەنگەندە، قان تومۇرنىڭ ئېلاستىكلىقى ئاجىزلايدۇ. ئېلاستىكلىق ئاجىزلاپ كەتسە، ئەسلىگە كېلىشى بەكلا مۇشكۈل. ھالبۇكى، قان تومۇر ئېلاستىكلىقىنىڭ ئاجىز بولۇشى بىۋاستە قان بېسىمىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، چوقۇم بېلىق - گۆش يېيىش شەرت ئەمەس. تۇخۇم، سۈت، قېتىق، ئىرىمچىك، سېرىق ماي (ئاق ماي) قاتارلىق سۈت مەھسۇلاتلىرىمۇ تامامەن ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنى تولۇقلىيالايدۇ.

### 3. ئۆتكە تاش چۈشۈش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئۆتكە تاش چۈشكەن ياشانغانلارنىڭ تەگدىن تولىسى ئىزچىل گۆشسىز غىزالانغانلىق سەۋەبلىك شۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

### ئاجايىپ جاۋاب

بىر كۈنى دەرستە، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا تۇيۇقسىز ئەھۋاللارغا يولۇققاندا قانداق قىلىش ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ، شىياۋمىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەگەر سەن بىر چوڭقۇر ئورەككە چۈشۈپ كەتسەڭ، يېنىڭدا ھېچقانداق ئادەم بولمىسا، ئارغامچا دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ تاپالمىساڭ قانداق قىلىسەن؟

— يىگىنە بىلەن كاللامدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئىچىدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىمەن. شۇنداق قىلسام لەيلىيەلەيمەن — دە، بىردەمدىلا ئورەكتىن چىقىپ كېتىمەن، — دەپتۇ شىياۋمىڭ.

— ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ. ھەي! ئادەمنىڭ كاللىسىدىمۇ سۇ بولامدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم ئاچچىقلىنىپ.

— كاللىسىنىڭ سۈيى يوق ئادەم ئەتراپىدا ھېچنېمە يوق ئورەككە چۈشۈۋالامدۇ؟ — دەپتۇ شىياۋمىڭمۇ تەمتىرىمەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# جۇڭگوچە «زىرەكلىك»

جۇاڭ پېيجاڭ

ئۆمەرجان ئامۇت تەرجىمىسى

ئامېرىكا ماگىزىنلىرىدىن سېتىۋالغان نەرسىلەرنى ھەرقانداق سەۋەب بىلەن قايتۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان قىسمەن جۇڭگولۇقلار سورۇنلارغا بېرىشنىڭ ئالدىدا پوزۇر كىيىمدىن بىرەر قۇر «سېتىۋېلىپ»، سورۇن تۈگىگەندىن كېيىنلا قايتۇرۇۋېتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن.

ئامېرىكا دۇكانلىرىدىكى يەنە بىر ياخشى ئىش: سىز سېتىۋالغان مالنىڭ باھاسى تۆۋەنلىسە، ئارىلىقتىكى باھا پەرقىنى قايتۇرۇۋالسىڭىز بولىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر ئادەتتە ماللارنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلمىگەن، پاسون، رەڭ، نومۇرلىرى تولۇق چاغلاردا سېتىۋالىدۇ ـ دە، ھەر خىل پائالىيەتلەر سەۋەبلىك، باھا تازا چۈشۈرۈلگەندە كېلىپ، ئارىلىقتىكى پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ.

بۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قەدەر «زېرەك»لىكىدىن ماختىنىپ يۈرۈشىدۇ. ھەتتا ئەتراپىدىكى «ئەخمەق»لەرنىڭ مۇشۇنداق يوچۇقلاردىن پايدىلانمايدىغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ياقا تۇتىشىدۇ.

باشقىلارنى ئالداش ھېسابىغا نەپ كۆرۈشنى «ئەقىللىكلىك» دەپ قاراش، ھىيلىگەرلىكنى «ئىقتىدار» دەپ بىلىش قىممەت قارىشىنىڭ بۇرمىلانغانلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئالامىتىدۇر.

بۇگۈن قانۇنىنىڭ يوچۇقىدىن پايدىلىنىش كويىدىلا يۈرگەن ئادەمنىڭ قولىغا ئەتە ـ ئۆگۈن ھوقۇق تېگىپ قالسا، قانۇنىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ناباب قىلمىشلىرىنى قانۇنلۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇنداق مىساللارنى ناھايىتى كۆپ كۆردۇق.

10 يىل بۇرۇن ئۈچ ياشلىق ئوغلۇمنى ئېلىپ ئامېرىكىغا ساياھەتكە چىققاندا، توغقىنىمنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇم.

توغقىنىم يېپيېڭى باللار ماشىنا ئورۇندۇقىنى ئەكېلىپ: «بۇ يەردە كىچىك باللار ماشىنىغا چىققاندا چوقۇم مۇشۇنداق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشى كېرەك. بۇنى سېتىۋالدىم. ئامال بار پاسكىنا قىلىۋەتمەڭ، چۈنكى ئۇنى يەنە قايتۇرۇۋېتىمەن» دېدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ماشىنا ھەيدىمەس بولدۇم. تۇغقىنىم بىز خېلى ئىشلەتكەن بۇ ئورۇندۇقنى قايتۇرۇپ بەرگىلى ئاپىرىۋىدى، پىرىكازچىك ئارتۇق گەپ قىلمايلا پۇلنى تولۇق قايتۇرۇپ بەردى.

تۇغقىنىم دۇكاندىن چىققاندىن كېيىن، مەغرۇر ھالدا: «ئامېرىكىنىڭ دۇكانلىرىدىن سېتىۋالغان مالنى ئىككى ھەپتە ئىچىدە سەۋەبسىز قايتۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىز دائىم دۇكانلاردىن لازىملىق نەرسىلەرنى ‹ئارىيەت ئالىمىز›. بەزى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەنلەر تېلېۋىزورنىمۇ ‹ئارىيەت ئالىدۇ› تېخى! ئامېرىكىلىقلار بەك دۆت جۇمۇ! سەۋەبسىز مال قايتۇرۇشتا شۇنچە چوڭ يوچۇق تۇرسىمۇ بىلمەي يۈرىشىدۇ» دېدى.

كېيىنكى يىلى ياپونىيەگە باردىم. شۇ يەردە ئوقەت قىلىۋاتقان تەيۋەنلىك دوستۇم كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ نەگىلا بارسا ماشىنىسىنى ھەيدىۋالىدىغىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ سورىدىم:

— توكيودا يەر قىس، ئادەم كۆپ، ماشىنا توختىتىش بىر باش قېتىنچىلىقى دېيىشىدۇغۇ؟

— ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس، — دېدى ئۇ، — ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ماشىنا توختىتىش ئورنى بارلارنىڭلا ماشىنا سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

— دېمەك، سىزنىڭ ماشىنا توختىتىش ئورنىڭىز باركەن - دە؟ بۇ يەردە ماشىنا توختىتىش ھەققى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك قىممەتتۇر ھەرقاچان؟

— سىزمۇ ياپونلۇقلاردەكلا دۆتكەنسىز! باشتا ماشىنا توختىتىش ئورنىدىن بىرنى ئىجارىگە ئالىدىغان گەپ، ماشىنىغا نومۇر تاختىسى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇۋەتسەكلا ئىش تامام - ۋەسسالام!

نەچچە كۈندىن كېيىن، ياپونىيەلىك دوستۇم بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇ جەرياندا پىيادە ماڭدۇق، مېترودا قىستىلىپ يۈردۇق. ئۇ: «توكيودا ماشىنىنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرۈش ئاسان، ئەمما ماشىنا توختىتىدىغان ئورۇننىڭ چىقىمى بەكلا يۇقىرى. شۇڭا، ماشىنا ھەيدىمەي يۈرىمەن. سەت بولدى، سىزنى جاپاغا قويدۇم» دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

مەن دەرھال ئۇنىڭغا ھېلىقى تەيۋەنلىك دوستۇمدىن ئاڭلىۋالغان «چارە»نى ئېيتىپ بەردىم.

ھالبۇكى، ئۇ «ئىشنىڭ يولى»نى بىلىۋالغىنىغا خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا سوغۇق ئاھاڭدا: «يوچۇق تېپىش ئاسان. ئاپام بىزنىدا تۇرىدۇ، نوپۇسنى يۆتكەپلا ماشىنا سېتىۋالسام بولىۋېرىدۇ. بىراق، مەن توكيودا تۇرىدىغان تۇرسام، ماشىنا توختىتىش ئورنۇم يوق تۇرۇقلۇق ماشىنا ئالسام، قوشنا - قولۇملار نېمە دەپ قالىدۇ؟ ماشىنامنى ھەيدەپ ئىشقا بارسام، خىزمەتداشلىرىمغا قانداق قارايمەن؟ بۇ دۇرۇس ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس» دېدى.

ئامېرىكا ماگىزىنلىرىدىكى شەرتسىز مال قايتۇرۇش مېخانىزمى بىلەن ياپونىيەدىكى ھەممىلا يېرىدىن يوچۇق تاپقىلى بولىدىغان قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى «ئىشەنچ» ئاساسىغا قۇرۇلغان، «ئىشەنچ» يىمىرىلسە، جەمئىيەتمۇ بەربات بولىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار سىياسەتۋازلارنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشىغا سەۋر قىلىدۇ - يۇ، يالغان سۆزلىشىگە چىداپ تۇرالمايدۇ.

ئىدىيە ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، شەخسنىڭ ھەرىكىتى جەمئىيەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، رىمدىكى مېترو بېكىتىدە بېلەت سېتىش ماشىنىسى بار، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېلەت تەكشۈرىدىغان ئۈسكۈنە يوق ئىدى. شۇ چاغدا، بۇ قەدەر زور «يوچۇق»نى كۆرۈپ: «بۇلار يولۇچىلارنىڭ بېلەت ئالغان - ئالمىغانلىقىنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟ ھەممە ئادەم مېتروغا بېلەت ئالماي چىقىۋەرسە زىيان چىقمامدىغاندۇ؟» دېگەن خىياللار كۆڭلۈمگە كەچكەنىدى. بۇ بىز جۇڭگولۇقلار كۆنۈككەن تەپەككۇر ئۇسۇلى. چۈنكى، بىز ھەمىشە «زېرەك»لىكىمىزنى ئىشقا سالىدىغان ئاشۇنداق پۇرسەتلەرنى ئىزدەپلا يۈرىمىز.

مېنىڭ بۇ خىل «ئەندىشە»لىرىمنىڭ ئىتالىيەلىكلەرگە غەلىتە تۇيۇلۇشى تەبىئىي. «مېتروغا ئولتۇرغانلار نېمىشقا بېلەت ئالمىغۇدەك؟ بېلەت ئالمىسا قانداق بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ ئۇلار.

ئىتالىيەدە بېلەت ئالمايلا مېتروغا چىقىۋالغىلى بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ. بىراق، سىز «قۇسۇرچى» ئىتالىيەلىكلەرنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىسىڭىز بولىدۇ. بولمىسا ئۇلار سىزنى دەرھال پاش قىلىدۇ. ئۇ چاغدا تۆلەيدىغان جەرىمانىڭىز بېلەت باھاسىنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىز تۆكۈلۈپ، ئۆزىڭىزنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىسىز.

بىر جەمئىيەتتە ئىشەنچ شەكىللەندۈرۈش بەسىي مۈشكۈل، ئەمما بەك مۇھىم! ماڭغان يول توغرا بولسا، مەنزىلنىڭ يىراقلىقىدىن ئەنسىرەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

بىر قېتىم نيۇيوركتىكى «چوڭ شەھەر مۇزېيى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. پۇل تۆلىگەندىن كېيىن، پوكەيدىن بىزگە 10 يۈەنلىك تەيۈەن پۇلى چوڭلۇقىدىكى بىر مېتال بېلەتنى بەردى، قىسقۇچ ئورنىتىلغان بۇ بېلەت كىيىمنىڭ ياقىسىغا تاقىۋېلىشقا ئەپلىك ئىدى.

دوستۇم ماڭا:

— ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا خالىغاندا سىرتقا چىقىسىڭىز بولىدۇ. يەنە قايتا كىرمەكچى بولسىڭىز باشقىدىن بېلەت ئالماي، ئەسلىدىكى بېلەتنى كۆرسىتىپلا كىرەلەيسىز. قايتىپ كىرمەيدىغانلار بېلەتنى ئىشىك تۈۋىدىكى ئەينەك ئىشكاپقا تاشلاپ قويىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

— بېلەتنىڭ شەكلى، رەڭگى ھەر كۈنى ئۆزگەرتىلىپ تۇرامدۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ياق.

— ئۇنداقتا، بەزىلەر بېلەتنى ئۆيىگە ئەكېتىپ، كېيىن تەكرار ئىشلەتسىچۇ؟ ياكى ئېكسكۇرسىيەگە ئۇنەيلەن بىللە كېلىپ، بەشەيلەن بېلەت بىلەن كىرگەندىن كېيىن، بىرسى بېلەتنى ئاچىقىپ قالغان بەشىنى ئەكىرىۋالسىچۇ؟

— بۇنداق ئىشلارنى پەقەت جۇڭگولۇقلارلا ئويلايدۇ! — قاتتىق كۈلۈپ كەتتى دوستۇم، — ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى تولىمۇ ئاددىي. ئۇلار «كىرىشتە بېلەت ئېلىش، قايتا كىرمەيدىغان بولسا بېلەتنى تاپشۇرۇۋېتىش كېرەك» دەپلا ئويلايدۇ ھەم ھەممەيلەننىڭ قانۇن - تۈزۈمگە بويسۇنىدىغان ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا، كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، ئىشىكتە تۇرىدىغان خىزمەتچىلەرمۇ ناھايىتى ئاز.

شۇ دەقىقىدە ئاجايىپ خىجىللىق ئىچىدە «مەنپەئەت ئۈچۈن يوچۇق ئىزدەپلا يۈرۈش مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىپتىمۇ نېمە» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇردۇم. شۇنداقلا، يوچۇق تېپىشقا ماھىر بۇ خىل «زېرەكلىك»نى دەرھال تونۇتۇپ، ئىشەنچنى ئۆلچەم قىلىدىغان «ھاماقەت»لەردىن بولۇشقا بەل باغلىدىم.

# ئەيىب كىمدە



ستېۋې گودىېر
ئابدۇسالامجان ئابدۇراخمان تەرجىمىسى

بىر ئانا ئۆيىدىكى مۈشۈكنىڭ ئېچىنىشلىق مىياڭلىغىنىنى ئاڭلاپ، ئوغلىغا كايىدى:

— مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى تارتما، ماك!

— تارتمىدىم، مۈنداقلا ئوينىشىپ قويسام ئۆزى مىياڭشىپ كەتتى، — دېدى ماك غودۇراپ.

بۇ كۆپچىلىككە تولىمۇ تونۇشلۇق ئەھۋال. كۆپىنچە ھاللاردا، بىزمۇ ئاشۇ كىچىك بالىدەك مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا ئالدىراپ، ئەيىبنى گاھىدا مۈشۈككە، گاھىدا مەكتەپكە، يەنە گاھىدا ئاتا - ئانىمىزغا دۆڭگەشكە ئالدىرايمىز، ۋەھاكازالار.

بۇ ھەقتە، مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم.

ئامېرىكىدىكى بىر دۆلەتلىك باغچىدا يوگوۋاتقان 40 ياشلىق بىر ئايال ئامېرىكا شىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت ئۈستىدىن «ئامېرىكا شىرىنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلىيەلمىگەن. ئامېرىكا شىرىنىڭ مەزكۇر رايوندا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگىنىنى ئۇقتۇرۇش ئاگاھلاندۇرۇش تاختىسى ئورناتمىغان» دەپ ئەرز قىپتۇ.

لېكىن، بۇ ئىشتا تۇيۇقسىز مۇنداق بىر ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپتۇ. يەنى، ئېرى ئايالىنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ، ئايالىنىڭ ئۆلۈمىگە ھۆكۈمەت ياكى قانداقتۇر بىر شەخس ئەيىبلىك ئەمەس دەپ، خېلى كۆپ تۆلەمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بار ئەھۋالدا، ئايالىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، دەۋادىن ۋاز كېچىپتۇ.

— باربارا ئىككىمىز ئەزەلدىن قىلغان ئىشىمىزغا ئىگە بولالايتتۇق، مەسئۇلىيەتتىن قاچمايتتۇق — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ ئۆزى خالاپ دالادا يۈگۈرگەن. لېكىن، بەختەرلىككە تولۇق دىققەت قىلماي، شىرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. ئىنسان ئۆز قىلمىشىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

مېنىڭ بۇ ئادەم بىلەن تونۇشقۇم كەلدى. ئۇ ئەيىبنى باشقىلاردىن ئىزدىگۈچىنىڭ ھامان مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك: ۋاقىتنى باشقىلارنى ئەيىبلەشكە ئەمەس، بەلكى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا سەرپ قىلىدىغاندەك قىلاتتى.

بۇ ئەرز قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسى ئەمەس. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ سىزنىڭ تۇرمۇش سەھنىسىدە قانداق رول ئېلىشىنى، جۈملىدىن باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا زارىقىپلا ئۆتىدىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇشنى ياكى كۈچلۈك ھەم مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولۇشنى خالايدىغانلىقىڭىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ. مەسئۇلىيەتنى مەلۇم ئادەم ياكى شەيئىگە ئارتىپ قويۇش ۋەسۋەسىسىدىن غالىب كېلەلىشىڭىز ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم قەدەملەرنىڭ بىرىدۇر. «خىلرىي پوتتېر» رومانىنىڭ ئاپتورى روۋلىڭنىڭ خىلرۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا دېگىنىدەك، سىز ھامان بىر كۈنى چوڭ بولۇپ، ھەر ئىشتا مۇستەقىل قارار

www.uyghurkitap.com



# ماگا ئىشىنىڭ

گ گىرىن [گېرمانىيە]
زۇلفىيە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

تاكسى بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدىم مەن، — باھا
ھېسابلىغۇچنى ئېتىپ قويماڭ. مەن شىركەتكە
كىرىپلا چىقىمەن، ئاندىن باشقا بىر يەرگە بارى-
مىز.

تاكسى شوپۇرىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— ئاۋۋال ھېسابات قىلىۋەتسەك تېخىمۇ
ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ نارازى بولۇپ.

— ياق، مەن يەنە مۇشۇ ماشىنىدا ئولتۇ-
رىمەن. قاراڭە سىزنى، ماگا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟
سىزنىڭچە مەن قېچىپ كېتەرمەنمۇ؟

— مەن ئۇنچە كۆپ ئويلىمىدىم ، — دېدى
شوپۇر، — لېكىن، ھازىر ھەر قىسىم ئادەملەر
بار. بەزىلىرى قېچىپ كېتىدۇ، بەزىلىرى گېپى-
دۇ تۇرىدۇ...

— دېمەك سىز يەنىلا مېنى قېچىپ كېتى-
دۇ دەپ قارايدىكەنسىز ـ دە؟ ماقۇل ... ئەمىسە
مەن شەپكەمنى رەنىگە قويۇپ قوياي.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز — دېدى
شوپۇر خاپا بولۇپ، — مەن شەپكىڭىزنى نېمە
قىلىمەن؟ سىزگە ئىشىنىمەن... بوپتۇ، ھۆججەت
سومكىڭىزنىلا قويۇپ مېڭىڭ.

— نې... نېمە؟ — مېنىڭ قاتتىق ئاچچى-
قىم كەلدى، — بولىدۇ، ھۆججەت سومكامنى
قالدۇرۇپ قوياي، ئەمما سىزمۇ ماشىنىڭىزنىڭ
نومۇرىنى يېزىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ.

— بۇ ... بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ — شوپۇر-
نىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، — سىزنىڭچە مەن ماشى-
نىنى ھەيدەپ قېچىپ كېتەرمەنمۇ؟

— مەن ئۇنچە كۆپ ئويلىمىدىم، — دې-
دىم مەن، — بىراق، ھازىر ھەر قىسىم تاكسى
شوپۇرلىرى بار. بەزىلىرى شەپكىگە ئامراق، بە-
زىلىرى ھۆججەت سومكىسىغا.

— نېمە دەيدىغاندۇ ما ئادەم؟ — دېدى شو-
پۇر، — بولىدۇ، ماشىنامنىڭ نومۇرىنى يېزىۋې-
لىڭ:




چىقىرالايدىغان بولىسىز ھەم شۇنىڭدىن كېلىپ
چىققان بارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىڭىزگە
ئېلىشقا مەجبۇر بولىسىز. ئەنە شۇ چاغدا: «ئاتا ـ ئانام
يولنى توغرا كۆرسىتىپ بەرمىگەن» دەپ ئاغرىنالمايسىز.

مەن ئۆزۈمدىكى «ئەيىب ئىزدەش كېسە-
لى»نى داۋالاش قارارىغا كەلدىم. ھايات يولۇمدى-
كى ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىشىمگە باشقىلار
ئەمەس، پۈتۈنلەي ئۆزۈم سەۋەبچى بولىدىغانلى-
قىمنى ھېس قىلغىنىمدا، ئالدىمدىكى شانلىق
ھايات يولىنى ئېنىق كۆرگەندەك بولدۇم.

MT - 40 - 20

ئەمما، سىز ئاۋۋال ھۆججەت سومكىڭىزدا نېمىلەر بارلىقىنى كۆرسىتىشىڭىز كېرەك.

— بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟

— كېيىن بىرەر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن دەيمەنا.

— مانا كۆرۈۋېلىڭ، — دېدىم خاپا ھالدا، — مانا، سومكامدا ھۆججەت، كىتاب، توكلۇق ساقال ئالغۇچ بار.

— توكلۇق ساقال ئالغۇچ بۇزۇق ئەمەستۇ؟

— نېمىشقا بۇزۇق بولغۇدەك؟ ھازىرمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

— «ھازىرمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ» دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇ نەرسىڭىزنى ھەرگىز ئىشلىتىپ يۈرمەيمەن.

— كىم بىلىدۇ؟ — دېدىم سوغۇق كۈلۈپ، — ساقىلىڭىزنىمۇ ئالماپسىز، يۈزىڭىز ئىششىپ قاپتۇ، مەڭزىڭىزدە خال باركەن ...

— تاشقى قىياپىتىمنى يادقا ئېلىۋالاي دەمسىز؟ — دېدى شوپۇر غەزەپلىنىپ، — بولدۇ ئەمىسە، مەنمۇ سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، يوغان بۇرۇن، يوغان كۆز، ئىككى قۇلىقىڭىزمۇ تەڭ ئەمەسكەن ... سول تەرەپتە بىر تال يالغان چىشىڭىز باركەن تېخى...

— ياخشى، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەنىكەن، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي، — راۋرۇس دېيىشەيلى، بۇلار مېنىڭ كىنىشكىلىرىم: كىملىكىم، خىزمەت كىنىشكام، توي خېتىم، ئېلىڭە مانا. بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز ھازىر بىر دۇرۇس ئادەم بىلەن گەپلىشىۋاتىسىز، سىزمۇ بارلىق كىنىشكىلىرىڭىزنى ماڭا بېرىڭ.

— مانا ئېلىڭ، — دېدى ئۇ، — پىراۋام، خىزمەت كىنىشكام ...

بىز بىر - بىرىمىزگە غەزەپ بىلەن تىكىلىشتۇق.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدىم تويۇقسىز تەلەپپۇزۇمنى ئۆزگەرتىپ، — بۇنداق دوقۇشۇشتىن خىجىل بولمىدىڭىزمۇ؟

— سىزچۇ؟

— مەن ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دېدىم.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى ئۇ تۆۋەن قاراپ، — كىنىشكىلىرىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىڭ ...

— مەڭ، سىزمۇ ئېلىۋېلىڭ...

— ھۆججەت سومكىڭىزنىمۇ ئېلىۋېلىڭ...

— رەھمەت سىزگە ، — دېدىم ، — مەنمۇ ماشىنىڭىزنىڭ نومۇرىنى ئۇنتۇپ كېتەي.

MT - 40 - 20

— ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى ، — دېدى ئۇ.

بىز قىزغىنلىق بىلەن بىر - بىرىمىزنىڭ مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويدۇق.

— مەن قانداق بولۇپ سىزنى ئەسكى ئادەم دەپ ئويلاپ قالغاندىمەن، — دېدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن، — سىزنىڭ شۇنداق ئىللىق چىراي ئىكەنسىز، كۆزىڭىز كۆل رەڭ، مەڭزىڭىزدە ئۆزىڭىزگە تولىمۇ ياراشقان مەڭ باركەن.

— سىزمۇ كېلىشكەن ئادەمكەنسىز، — دېدى ئۇ

بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشتۇق، ئاندىن مەن ماشىنىدىن چۈشتۈم.

مەن شىركەت دەرۋازىسىغا كەلگەندە خىزمەت كىنىشكامنى تاپالمىدىم.

«شورى قۇرۇغۇر» دېدىم ئىچىمدە «ئۇ خىزمەت كىنىشكامنى ئېلىپ قاپتۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ... ھەم، ھېچ گەپ ئەمەس... ئۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ ... مەنمۇ ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئارقا چاقىنىڭ يېلىنى چىقىرىۋەتتىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كۆڭۈللۈك ھېسابلاش سوئاللىرى

بېي موخەن
گۈلباھار قۇربان تەرجىمىسى

كىنوخانىدىكى ھاۋانىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك؟ 10 مىليون يوەن خەلق پۇلىنىڭ ئېغىرلىقچۇ؟ 40 كىلوگرام ئالتۇننىڭ ھەجمىچۇ؟ ئادەمنىڭ تېرىسىنىڭ ئېغىرلىقچۇ؟ تۇرمۇشتىكى بەزىبىر نەرسىلەرنى ماتېماتىكىلاشتۇرۇپ باقسىڭىز، زور خۇشاللىق تاپىسىز.

## كىنوخانىدىكى ھاۋانىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك؟

سىز 2000 ئادەم پاتىدىغان كىنوخانىدىكى ھاۋانىڭ ئېغىرلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئەگەر كىنوخانىدا كىنو كۆرۈپ ئولتۇرغان ھەربىر ئادەم بىر قۇتىدىن مىنېرال سۇ ئالغاچ كىرگەن بولسا، بۇ سۇلارنى كىنوخانىنىڭ ھاۋاسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قايسىسى ئېغىر؟

كىنوخانىدىكى ھاۋانىڭ ھەجمىنى مۇنداق ھېسابلايمىز:

ئەگەر بۇ كىنوخانىدا 40 رەت ئورۇندۇق بولۇپ، ھەربىر رەتتە 50 ئادەم ئولتۇرسا، ئورۇندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 0.5 مېتىر، كەڭلىكى 1 مېتىر بولسا، ئۇنىڭغا ئارىسىدىكى يول ئىگىلىگەن يەرنى قوشۇپ، كىنوخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تەخمىنەن 30 مېتىر، كەڭلىكىنى 45 مېتىر، ئېگىزلىكىنى ئالتە مېتىر دەپ پەرەز قىلساق، بۇ كىنوخانىدىكى ھاۋانىڭ ھەجمى تەخمىنەن 8000 كۇب مېتىر بولىدۇ.

سۇيۇق جىسىم گازغا ئايلانغاندا زىچلىقى تەخمىنەن 1000 ھەسسە تۆۋەنلەيدۇ. سۇنىڭ زىچلىقى 1kg/L بولغاچقا، ھاۋانىڭ زىچلىقى تەخمىنەن $1\ kg/m^3$ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە تەكشۈرۈپ كۆرگەندىمۇ ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا، نۆل سېلسىيە گرادۇستىكى ھاۋانىڭ زىچلىقىنىڭ $1.3\ kg/m^3$ ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. دېمەك، بايىقى ھېسابلاش نەتىجىمىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. شۇڭا 2000 ئادەم سىغىدىغان كىنوخانىدىكى ھاۋانىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن سەككىز توننا كېلىدۇ. ئەگەر كىنوخانىدا لىق ئادەم بولۇپ، ھەربىر ئادەمنىڭ 500 مىللىلىترلىق مىنېرال سۇ ئالغاچ كىرگەن بولسا، كىنوخانىدىكى مىنېرال سۇنىڭ ئېغىرلىقى 1000 لىتىر، يەنى 1000 كىلوگرام بولىدۇ. شۇڭا كىنوخانىدىكى مىنېرال سۇ كىنوخانىدىكى ھاۋانىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنىڭ سەككىزدىن بىرىگە تەڭ.

بىز دەسلەپ بۇ خىل سوئالنى كۆرگەندە، تەبىئىي ھالدا ھاۋا ناھايىتى يېنىك تۇرسا، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى سۇنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولامتى؟ دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە، جاۋابىنى ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن، بىر كىنوخانىدىلا بەدىنىمىزگە قانچىلىك بېسىم چۈشىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، جىنىمىزنىڭ خېلىلا چىڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

## ئادەمنىڭ تېرىسىنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك؟

سىز بەدىنىڭىزدىكى مېڭە، ئۆپكە قاتارلىق بىرقەدەر ئېغىر ئەزالارنىڭ ماسسىسىنى پەرەز قىلالىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، بەدىنىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم، ھەجمى ئەڭ چوڭ بىر ئەزا




توغرىسىدا ھېچقانچە ئۇچۇر بىلمەسلىكىڭىز ئېھتىمالغا يېقىن. ھەتتا، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى بەدەن ئەزاسى دەپمۇ قارىمايدۇ ھەم ئۇنىڭ مۇنداق زور ھەجمىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

ئادەم بەدىنىدىكى تېرە ئۈچ قەۋەت بولۇپ، سىرتقى تېرە قەۋىتى، ھەقىقىي تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. پۈتۈن بەدەندىكى تېرىنىڭ قېلىنلىقى ئادەمنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىغا ۋە ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئورۇنلىشىشىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. تاپاندىكى تېرە ئەڭ قېلىن بولۇپ، تۆت مىللىمېتىر؛ كۆزنىڭ ئۈستىدىكى تېرە ئەڭ نېپىز بولۇپ، تەخمىنەن 1 مىللىمېتىر كېلىدۇ. خۇلاسىلىگەندە، تېرە ئومۇمىي بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ 16% نى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ تېرىسىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن توققۇز كىلوگرام ياكى ئۇنىڭدىن يېنىكرەك بولىدۇ. ئەلۋەتتە تېرىنىڭ ئېغىرلىقىمۇ بەدەن شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق بولىدۇ. ئورۇقلارنىڭ تېرىسى سېمىزلارنىڭكىدىن يېنىك بولىدۇ. تېرە ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ چوڭ ئەزا، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ يايسا، تەخمىنەن ئىككى كۋادرات مېتىر ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

## 10 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى خەلق پۇلىنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك؟

بىز دائىم تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە بىر ئادەمنىڭ چامادانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپلا: «مانا بۇ 10 مىليون يۈەن، سانىۋېلىڭ» دېگىنىنى كۆرىمىز.



خوش، ئۇنداقتا بىز بۇ چامادانىدىكى 100 يۈەنلىك پۇللار دەپ پەرەز قىلىپ تۇرايلى. ئادەتتە قۇرامىغا يەتكەن ئادەمنىڭ غېرىچى تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بىر ۋاراق خەلق پۇلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 100 دانە يۈز يۈەنلىك پۇلنىڭ قىممىتى 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، قېلىنلىقى تەخمىنەن 1 سانتىمېتىر كېلىدۇ. (كونا پۇل بىلەن يېڭى پۇلنىڭ قېلىنلىقى ئوخشاش بولمايدۇ). شۇڭا 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنىڭ ھەجمى تەخمىنەن 150 كۇب سانتىمېتىر كېلىدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا 10 مىليون يۈەن خەلق پۇلىنىڭ ھەجمى تەخمىنەن 0.15 كۇب مېتىر بولىدۇ. ئادەتتە 1 كۇب مېتىر قەغەزنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 1 كىلوگرام كېلىدۇ. شۇڭا 10

www.uyghurkitap.com


مىليون يۈەن پۇلنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 150 كىلوگىرام، يەنى 0.15 توننا بولۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كۆتۈرۈپ ماڭالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئادەتتە مېتالدىن ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىرلىق چامادانىنىڭ ھەجمى 22500 كۇب سانتىمېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىگە كۆپ بولغاندا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇلنى سالغىلى بولىدۇ.

## 10 مىليون تال 1 يۈەنلىك تەڭگە پۇلنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك؟

ئەگەر 10 مىليون يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسى 1 يۈەنلىك تەڭگە پۇل بولسا ئېغىرلىقى قانچىلىك بولار؟ ئادەتتە 1 يۈەنلىك تەڭگە پۇلنىڭ ئېغىرلىقى 6 گىرام، شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا 10 مىليون دانە 1 يۈەنلىك تەڭگە پۇلنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 600 توننا كېلىدۇ. بىر يېنىك تىپتىكى شەرق ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا 2 توننا يۈك قاچىلىغىلى بولىدۇ، ئۇنداقتا 10 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى 1 يۈەنلىك تەڭگە پۇللارنى تەخمىنەن 30 يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن يۆتكىگىلى بولىدۇ.

## 10 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئالتۇننىڭ ھەجمى قانچىلىك؟



ئالتۇننىڭ بىر گىرامىنى 250 يۈەن دەپ ھېسابلىغاندا، 10 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى 40 كىلوگىرام بولىدۇ. شۇڭا 40 كىلوگىرام ئالتۇننىڭ ھەجمى ئىككى لىتىر بولۇپ، چوڭ بىر قۇتا كولاچىلىكلا كېلىدۇ. شۇڭا ئاسماندىن ئالتۇندىن ياسالغان



بىر قورچاق ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشسە چوقۇم مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىدۇ. دېمەك، كىنولاردىكى يېڭىنىڭ ئىچىگە زىخچە ئالتۇنلارنى سېلىۋېلىپ كۆز - كۆز قىلىدىغانلار «كۆچتۈڭگۈر» بولۇشتىن سىرت، كىيگەن كىيىمى بۇ ئالتۇنلارنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك سۈپەتلىك رەختتىن تىكىلگەن بولۇش كېرەك.

يۇقىرىقى ھېسابلاشلارنىڭ قانچىسى ئويلىمىغان يېرىڭىزدىن چىقتى؟

ساپا ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ چوڭقۇر شەيئىلەردىكى گۈزەللىكنى ۋە چىنلىقنى بايقاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ساپا ئارقىلىق يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتەلمىگەندە، «ساپا» دېگەن بۇ نەرسە ئەھمىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ.

[ئىسپانىيە] بۇيېس

# ئويۇن ئاخىرلاشسۇن

جۇ جۇن
تاھىر داۋۇت تەرجىمىسى

تورغا بېرىلىپ كېتىش سەۋەبلىك كۆرۈلگەن سان - ساناقسىز پاجىئەلەرنى ئاڭلاپ - كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن، تۆۋەندىكى ۋەقەنىڭ خېلى سوغۇققان ئۇقۇرمەنلىرىمىزنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بۇ كورېيەدە يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە.

بىر جۈپ ئەر - ئايال توردا تەقلىدىي بالا بېقىش ئويۇنى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆز بالىسىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان.

بۇ ئەر - ئايال توردا تونۇشۇپ، توي قىلىپ تۇرمۇش قۇرغان ھەم بىر باللىق بولغان. ئەمما، بۇ بوۋاق ئاي - كۈنى توشماي تۇرۇپلا تۇغۇلغاچقا، تېنى زىيادە ئاجىز ئىدى.

بوۋاقنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقىغا مەسئۇلىيەتسىز ئاتا - ئانىنىڭ بىپەرۋالىقى قوشۇلۇپ، نىشانسىز نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولىمىش بۇ بىچارە بىر ئىسمغىمۇ ئېرىشەلمەي، بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان.

بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ مەۋھۇم تور دۇنياسىدا ياشايدىغان چېچەن، ئوماق، ساغلام بىر بالىسى بار ئىدى. بۇ مەۋھۇم دۇنيادا كىشىلەر خىزمىتىنى خالىغانچە ئالماشتۇرسا، كۆڭلى تارتقانلىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشسا، «كۆزى چۈشكەن» بالىنى بېقىۋالسا بولاتتى. شۇنداقلا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار «ئەجرىگە يارىشا» شۇ دۇنيادىكى «ئاقسۆڭەك»لەردىن بولۇپ قالاتتى.

ئۇلارنىڭ ئويۇندىكى بالىسىنىڭ ئىسمى ئانىما ئىدى. مەزكۇر تور ئويۇنىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە: ئانىما باشقا پېرسونازلارغا ئوخشاش پاسسىپ ھالدا بۇيرۇققا بويسۇنۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بار، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تىرىك ئادەمگە ئوخشاش قىلىپ لاھىيەلەنگەن، دېيىلگەنىدى.

ئىلگىرى بىز مەۋھۇم بوشلۇقتىكى كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئىشلارنى «تور ئويۇنى» دەپلا ئاتايتتۇق. لېكىن ھازىر بۇ رەسمىي بىر «دۇنيا» بولۇپ شەكىللەندى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەر - ئايال يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى ئۆيگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى كۈنبويى تورخانىدا، تېخىمۇ ئېنىقراق



قىلىپ ئېيتقاندا تور دۇنياسىدا يۈردى. تور خۇددى «خاررىي پوتتېر» فىلىمىدىكى سىرلىق ئىشكتەك، ئىچىگە كىرگەنلىكى ئادەمنى باشقا بىر دۇنياغا ئاپىرىپ قوياتتى. بۇ ئەر - ئايال قىزىغا سۇت بېرىش ئۈچۈن رېئال دۇنياغا كۈندە بىر قېتىم قايتىپ كېلەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بالىغا سۇت بېرىش كالىغا يەم بېرىشتەكلا بىر ئىش بولغاچقا، ئۇلار «ۋەزىپىسى»نى ئادا قىلىپ بولۇپلا، يەنە داۋاملىق تور دۇنياسىغا شۇڭغۇيتتى.

بىر كۈنى ئۇلار 12 سائەت مەۋھۇم دۇنيادا «ياشىغان»دىن كېيىن رېئال دۇنياغا قايتىپ كېلىپ، قىزىنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى بايقايدۇ.

جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتىدا دېيىلىشچە، قىز ئوزۇقلۇق ۋە سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن جان ئۈزگەندى. بىر ساقچى: «بۇ ئەر - ئايالنىڭ خىزمىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا ئاي - كۈنى توشماي تۇرۇپلا تۇغۇلغان. شۇنداقلا ئۇلار نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، تور ئويۇنىغا بېرىلىپ، مەۋھۇم دۇنيادىكى ‹مۇۋەپپەقىيەتلىرى› ئارقىلىق رېئاللىقتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ بالىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان» دەيدۇ.

بۇلارنى ئاڭلاپ نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىمىز ھەيران بولغان بولۇشى، يەنە بەزىلەر ‹بۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال›، مەندە بۇنداق چېكىدىن ئاشقان تورخۇمارلىق يوق دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ئىللا باھا بېرىپ باقايلى: ماشىنا ھەيدەۋېتىپ تېلېفون سۆزلىشىش، خىزمەت ۋاقتىدا تور بەتلەرنى كۆرۈش، تاماق يەۋېتىپ ئۈندىدار، مىكرو بلوگلاردىن ئۇچۇر كۆرۈش ياكى يوللاش، بالىنىڭ جېدىلىدىن قېچىپ تېلېۋىزور كۆرۈش... ۋەھاكازالار. ئەجابا، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئۆزى بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، تورغا باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ ئەڭ چاتاق يېرى، يۇقىرىقى ھېكايىدە بايان قىلىنغاندەك، يېنىڭىزدىكى ئادەملەرگە پەرۋا قىلماي، تورغا بەند بولۇپ كېتىشىڭىز، ئۆزىڭىزنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، باشقىلارنى تېگىشلىك غەمخورلۇقتىن مەھرۇم قىلىدۇ، ھەتتا ئۆلۈمگە ئىتتىرىدۇ.

يۇقىرىقى ۋەقەدىن شۇ نەرسىنى ھېس قىلىشىمىز زۆرۈركى، بىزنىڭ رېئال دۇنيا بىلەن مەۋھۇم دۇنيادا ياشايدىغان ۋاقتىمىزنىڭ نىسبىتى ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تورغا ئاجرىتىدىغان ۋاقتى كۈنسايىن ئېشىپ، بۇ «جەڭ»دە مەۋھۇم دۇنيا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەۋاتىدۇ. يۇقىرىقى پاجىئە بۇنىڭغا كۈچلۈك دەلىل بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

مەۋھۇم دۇنياغا مەھكۇم بولغانلار رېئال دۇنيادا «ئۆلدى» ياكى «ئۆلتۈرۈلدى». تەن تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى بولۇپ تۇرسىمۇ، ساغلام «روھ»تىن ئايرىلىپ قالغاچقا، گۆش - سۆڭەك دۆۋىسىدىن پەرقسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، ھەممەيلەن ئۆزىمىزنى بۇ قورقۇنچلۇق كىشەندىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەھمىيەتسىز ئويۇنلارغا، پۇچەك ئۇچۇرلارغا ئىسراپ قىلغان ۋاقتىمىزنى قەدىردان جورىمىزگە كۆيۈنۈشكە، بالىلىرىمىزنى قۇچاقلاشقا ياكى دوست - يارەنلىرىمىز بىلەن ھال - مۇڭلىششقا ئاجرىتايلى. شۇنىڭدىلا مەۋھۇم تور دۇنياسىنىڭ چۈشتىن پەرقسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيانىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى، بىزگە ھەممىدىن ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.






**读者** (月刊)

(维吾尔文版)

新 疆 人 民 出 版 社 编 辑 出 版

( 乌 鲁 木 齐 市 解 放 南 路 348 号 )

印刷：乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司

乌 鲁 木 齐 市 邮 局 发 行

全 国 各 地 邮 局 订 阅

**تەرمىلەر**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

(ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھەرلىك جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)

باسقۇچى: ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 18999212473

---

国际标准刊号：ISSN1671—1327

国内统一连续出版物号:CN65-1144/GO

邮发代号：58 —135 定价 ：5.00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1671 ـ 1327

بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 ـ 1144 /GO

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 135 باھاسى: 5.00 يۈەن

كەڭ بەلۋاغلىق تور ئورنىتىش،

تېلېۋىزور كۆرۈشتە كۆچمە خەۋەرلىشىشنى تاللاڭ

تور سۈرئىتى تېز، پروگراممىلىرى كۆپ، تېخىمۇ ئەركىن ھەم ئەرزان



100M لىق كەڭ بەلۋاغلىق تور

8 كۆزنەكچە قايتىلاپ كۆرۈش

140 مىڭدىن ئارتۇق كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياترى

100 ئارتۇق تېلېۋىزىيە قانىلى

بىرگە 和

تېز سۈرئەت: يۈز مېگالىق ئوپتىك كابېل تارتىلغان، سىن كۆرۈش، ئويۇن ئويناش ناھايىتى راۋان

ئىختىيارى: پروگراممىلار كۆپ، قوش تىل، سەككىز كۆزنەكچە قايتىلاپ كۆرۈش ئىقتىدارى ھازىرلانغان، خالىغانچە كۆرەلەيسىز

ئەركىن: كۆچمە خەۋەرلىشىشنىڭ ئوپتىك كەڭ بەلۋاغلىق تورى، مەشرەپ TV، ھەمبەھىر ئېقىم، كۆپ خىل يۈرۈشلۈك، تېخىمۇ ئەركىن

ئەرزان: سۈپىتى يۇقىرى، ئائىلە بويىچە ھەمبەھىرلەنگىلى بولىدۇ، باھاسى ئەرزان

4G بىرگە كۆڭۈلدەر بىللە

سەمىمى ئەسكەرتىش: تەپسىلاتىنى 10086 ياكى تىجارەتخانىلاردىن سۈرۈشتۈرۈڭ

中国移动 China Mobile www.10086.cn 热线 短信 10086